# تىمخورتوندا ئىشلىگەن ئايال

**( پوۋېست )**

**سەھەر**

## 1ـ بۆلۈم

كاناداغا كەلگىنىمگە بۈگۈن بىر ھەپتە بولدى. بۇ فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك تازىمۇ ئاچچىق سوغۇق كۈنلىرى ئىدى . مەن قارنى ۋە سوغۇقنى ياخشى كۆرىمەن. قار كۆرۈپ ، سوغۇق كۆرۈپ چوڭ بولغان كىشلەر قەيسەر، مەرت ۋە مەردانە بولىدۇ. خۇددى ماڭا ئوخشاش . ئۆزىنى ماختاۋاتىدۇ ـ دەپ كۈلمەڭلار . ئاللاھ مەرت ۋە مەردانە ئادەملەرگە دۇنيانىڭ نەرىدە بولسۇن ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ . مەن تۇغۇلغان ئاشۇ خىلۋەت شەھەردىمۇ قار كۆپ ياغاتتى ھەم قاتتىق سوغۇق بولاتتى . كانادادىمۇ شۇنداقكەن . ئۇنداق بولۇشى كانادا بىلەن مېنىڭ ئانا شەھرىمنىڭ ئوخشاش مېردان سىزىقىغا توغرا كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك . مەن ـ كاناداغا كېلىپ ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا سەكرەپ كەتتىم ـ دەپ پۇشايمان قىلمايمەن . ھەرقانچە سەكرىسەممۇ يەنىلا قار لەپىلدەپ ياغىدىغان، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بىر دۆلەتكە چۈشۈپتىمەن . نېمىلا دېگەن بىلەن مەن تۇغۇلغان شەھەر بىلەن ئوخشاشلىقى بار ئىكەن.

سەھەر ئويغانسام ، سىرتتا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئىكەن . دەرىزەمنىڭ يېنىغا كېلىپ قارنى تاماشا قىلدىم . ۋەتەندە كىشلەر قارنى تەسۋىرلەپ : پاختەكتەك ـ تورغايدەك يېغىۋاتىدۇ ـ دەيتتى . مەن قارنى باشقا بىر نەرسىگە ئوخشۇتۇپ باقماقچى بولدۇم ـ يۇ بىراق دەماللىققا كاللامغا بىر نەرسە كەلمىدى. يېغىۋاتقىنى ئاپپاق قار. ئەمما بۇ يەنىلا كانادانىڭ قارى بولغاچقا ئۆزەنىڭ قارىمدەك ھېس قىلالمايۋاتاتتىم . ئېچكى دۇنيارىمدا ـ بۇ قار مېنىڭ قارىم ئەمەس خەقنىڭ قارىدەك بىرخىل ياتسىراش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . شۇنىڭدىن قارىغاندا ھەرقانداق ئادەمدە يات نەرسىلەرنى ئۆگەيلەش ھېسسىياتى بولىدىغان ئوخشايدۇ . مېنىڭ شەھرىمىمۇ مانا مۇشۇنداق ئاپپاق لىباسقا پۈركەنگەنمىدۇر؟ ـ دەپ، ئۆز ئۆزەمگە سوئال قويۇپ، يەنە ئۆز ئۆزەمگە ـ چوقۇم مۇشۇنداق قارغا پۈركەندى ـ دەپ جاۋاپ بېرىپ دېگەندەك ، كانادادىكى قار بىلەن پېچىرلاشماقتا مەن . فېۋرال ئايلىرىدا مېنىڭ شەھرىمدىكى پۈتكۈل دەل ـ دەرەخ ، ئايۋان ـ سارايىنىڭ ئۆگزىلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن يەر ـ زېمىن ئاپپاق تون كېيىپ، ئاپپاق قار بوۋايلارنى ياساپ، رەھىمسىز قاتتىق سوغۇق ئېلىپ كەلگەن يوقۇتۇشلار ئۇچۇن ماتەم تۇتىدۇ . فېۋرالدا مەن تۇغۇلغان ئەشۇ خىلۋەت شەھەردىكى قارلارنى دەسسىسىڭىز زىمىندىن غىچ ـ غىچ قىلغان سادا كېلىدۇ . بۇ ، فېۋرالنىڭ رەھىمسىز ئاچچىق سوغۇقى سەۋەبىدىن زىيان تارتقانلارغا زېمىننىڭ قايتۇرىۋاتقان ھېسداشلىق چۇقانىدۇر.

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان كانادانىڭ قارى مېنىڭ خىياللىرىمنى تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان ، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاشۇ ئۇزۇم باراڭلىق قورۇغا باشلاپ كىردى . ـ قىش كۈنلىرى دادامنىڭ قار تازىلىشىغا ياردەملىشەتتىم . قورۇغا دۆۋىلەنگەن قارلارنى زەمبىلگە ئۈسۈپ دادام بىر تەرىپىدىن، مەن بىر تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ ، قورۇرىمىز ئالدىدىكى ئۆستەڭگە تۆكەتتۇق . شۇنداق چاغلاردا دادام مېنى ـ ئوغۇل بالىدەك قىزىم ، خەير ..... ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولساڭ جىق ئىشلارنى قىلاتتىڭ ـ دەپ ، ماختايتتى.

مەن يەنە كانادانىڭ تورونتو شەھرىگە جايلاشقان بۇ بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ، ئايلىقىنى **1200** دوللارغا ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈمنىڭ دەرىزىسىدىن پەسكە قارىدىم . يەنىلا كىشلەرنىڭ قولىدا كۆرگىنىم ـ بەزىلىرىنىڭ قىسقا ، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرھال ، بەزىلىرىنىڭ تازىمۇ ئۇزۇن تۇرا كەلگەن ، ئاغزى مەھكەم ئېتىكلىك ـ تىمخورتون ماركىلىق كارتون ئىستاكان ئىدى . بۇ مەنزىرنى تورونتوغا كەلگەن تۇنجى كۈنى ئايرۇدۇرۇمدىن ئۆيگە كەلگىچە بولغان جەرياندىمۇ، كېيىنكى كۈنلىرى سىرتتقا سودا سېتىققا چىققاندا، ماگىزىن ۋە يوللاردىمۇ كۆپ ئۇچراتقان ۋە ـ بۇ نېمە ئىشتۇر ـ دەپ ، ھەيران بولغان ئىدىم . ھازىرمۇ ھەيرانلىقىم داۋاملاشماقتا . دەرىزىدىن پەسكە تىكىلىپ خېلىغىچە قاراپ تۇردۇم ۋە ـ بۇ ئەڭگىلىز دېگەن خەق ساراڭمۇ نېمە . جاق ـ جاق سوغۇقتا قولىنى يانچۇقىغا سالماي ، نېمىشقا كارتون قەغەز كۆتۈرۈۋالىدىغاندۇر ـ دەيتتىم پىچىرلاپ . بىردىنلا ئىچىمگە جىن كىردى . ئەجەبا ھەممە ئادەم كۆتۈرۈۋالىدىغان، تىمھورتون ماركىلىق بۇ كارتون ئىستاكانىنىڭ نېمە ۋە قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە بولغان قىزىقىش مېنى بۇ قارلىق سەھەردە ناتونۇش تورونتو كوچىلىرىغا سۆرەپ چىقماقچى بولدى.

مەن ئاستا ياتاق ئۆيۈمگە كىردىم. يولدۇشۇم يېرىم كېچىگىچە ئوبامانىڭ سايلام رىقابىتى جەريانىنى ، ئاندىن تۈركىيەنىڭ ـ كۈرتلار ۋادىسى پۇسۇ ـ ناملىق فىلىمنى كۆرگەن بولغاچقا، ھازىر شىرىن ئۇيقۇدا ئىدى . مەن كېچىلىك كىيىمىنى ئالماشتۇردۇم ـ دە ، قىزىم ۋەتەنگۈل بىلەن ئوغلۇم تۇپراقجاننىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردىم . ئۇلار سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئىدى . ئەسلىدە ۋەتەندىكى ۋاقتىمىزدا ئوغلۇمنىڭ ئىسمى ئادىلجان ، قىزىمنىڭ ئىسمى دىلارە ئىدى . چەتئەلدە

كۆپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ، ۋەتەن ۋە تۇپراقتا ھەسرەت نادامەتتە قالغانلىغىمىز ئۈچۈن ئوغلىمىز بىلەن قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى ئەنە شۇنداق ئالماشتۇرىۋەتكەن ئىدۇق.

مەن ئۇستۇمگە پەلتۇرۇمنى، پۇتۇمغا ئۆتۈكۈمنى كەيدىم- دە ، ئاستا شەپە چىقارماي ئۆيدىن چىقتىم . بىنادىن سىرتقا چىقىشىم بىلەن بۇرنۇمغا سوغۇق ئەمما ساپ قىش ھاۋاسى ئۇرۇلدى . سەھەر بولغىنىغا قارىماي تورونتو كوچىلىرى ئادەم بىلەن لىق تولغان ئىدى . مەن يەنىلا ئۆزەم قىزىققان ۋە ئارقىسىدىن ئەگەشتۇرگەن- تىمخورتوننىڭ نىمىلىكىنى ، نەدىن كىلىدىغانلىقىنى بىلىش ھەلەكچىلىكىدە - ھەي قىزىق ئىش ، ئۇ نەرسىنى ھەممىلا ئادەم كۆتۈرىۋالدىكىنە ، خۇددى ئاچارچىلىق يىللىرىدا گوڭشېدىن تارقىتىلغان سىرىق جىڭمومىدەك- دەپ ، غۇدۇراپمۇ قوياتتىم ئىچىمدە . بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ تورونتو كوچىلىرىنىڭ پىيادىلەر يولىدا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتىمەن . بىر ئېغىزمۇ ئېڭگىلىزچە بىلمەيمەن . ئۇنى ئاز دەپ قايتىشتا ئۆيۈمنى تېپىپ كىلىشىمنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە . شۇڭلاشقا ئۆيۈم جايلاشقان بىنادىن چىقىپلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ماڭدىم . چۈنكى قايتقاندا سولغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ماڭسام ئۆيۈمنى تېپىپ كىلەلىشىم ئېنىق . ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىزنىڭ بىنانىڭ ئۇدۇلىدىكى چوففەە تىمە دىگەن چوففەە ساتىدىغان دۇكاننى بەلگە قىلىۋالدىم . مېڭىۋاتىمەن ، مېڭىۋاتىمەن ۋە ئويلاۋاتىمەن. بۇنداق سەھەردە بۇ كوچىدا، بۇ تورونتودا ،بۇ ئونتارىو ئۆلكىسىدە بەلكى پۈتۈن بۇ كانادادا كوچىدا كېتىۋاتقان بىردىن بىر ئۇيغۇر مەندۇرمەن دەپ . مەن يەنە ئىچىمدە - ھەي ! ئۇيغۇر دىگەن يامان مىللەت جۇمۇ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى كانادا ! ئۇيغۇرلار سىنى تېپىپ كىلەلدى ! - دەپ، كاناداغا ختاپمۇ قىلىپ قوياتتىم.

ھەي ي ي..........ھايات ! مەن بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن ۋەتەندىكى ئەشۇ خىلۋەت شەھرىمدە ئىدىم . مانا بۈگۈن دۇنيانىڭ يەنە بىر چېكىسىدە يۈرۈپتىمەن . مەن بۇ يەردە قاق سەھەردە يېڭى بىر كۈننى، يېڭى بىر قۇياشنى كۈتۈۋېلىۋاتىمەن . ئەمما مېنىڭ شەھرىمنىڭ خەلقى ھازىر قاراڭغۇ ئۈزۈن بىر كېچىنىڭ ھازىرلىقىدا. قەيەردە تاڭنىڭ ئاتىدىغانلىقىغا شۇنداقلا، قەيەردە قاراڭغۇ كېچىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىغا ئادەملەر قارار بېرەلمەيدۇ. يەنە شۇنداقلا تاڭ ئېتىش سائېتى ۋە نۆۋىتى كەلگەندە ھېچقانداق بىر قۇدرەتلىك كۈچمۇ تاڭنىڭ يورۇشىنى ۋە قۇياشنىڭ كۆتۈرىلىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. قار ۋە يامغۇرمۇ شۇنداق . قىش زىمىستانلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاپپاق قار بىلەن، باھارغا سىمۋۇل يامغۇر يازغۇچىلار قەلىمىدە بىر - بىرىگە تۈپتىن زىت ئىككى سىمۋۇللۇق ئۇقۇم .ئەمما قار ۋە يامغۇر ياغىمەن دىسە ھېچكىم ئۇنى توختىتالمايدۇ ئەلۋەتتە . ئادەم ئاپپىرىدە بولغاندىن تارتىپ قار قىش - زىمىستاننى چىللاپ ، يامغۇر باھارنىڭ سادىق ئەلچىسى بولۇپ يېغىپ كېلىۋەردى. يامغۇرنىڭ باھار ئەلچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەمىلىنى تارختا كىلىپ كەتكەن، قامچا پۇلاڭلاتقان ، ئەمدىلىكتە ئىلغار تېخنىكىسىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان ھەرقانداق بىر قۇدرەتلىك كۈچمۇ ئېلىپ تاشلىۋېتەلمىدى . قار بىلەن يامغۇرنىڭ بىرى خەيرگە بىرى شەررىگە ۋەكىللىك قىلىش قانۇنىيتى دۇنيا يارالغاندا شۇنداق يارالغان، ھازىرمۇ شۇنداق، دۇنيا ئاخىرلاشقاندىمۇ ھەم شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

بەس بەستە لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار مېنى روھلاندۇرغان ئىدى . مەن ئۆز - ئۆزەم بىلەن پاراڭلىشىپ يوقۇردىكى تەپەككۇرلىرىمنى قىلىپ، يولنىڭ ئوڭ چېتىدە تىمسقىلاپ مېڭىپ تىمخورتون ماركىلىق ھېلىقى كارتون ئىستاكاننىڭ زادى نەدىن چىقىدىغانلىقىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن . بەزىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ بىنالارغا قاراپمۇ قويىمەن. ئۆيۈمدىن ئۇزاقلاشقانسىرى كۆڭلۇمنى ئازراق تەشۋىش ۋە ئەندىشە قاپلاشقا باشلىدى . بۇ ئەڭگىلىزلەرنىڭ گەپ سوراپ قېلىشىدىن خۇدا ساخلىسۇن . نو - دەپلا قاراپ تۇرىدىغان گەپ . يولدا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن تېخىمۇ ئەنسىرەيمەن . چۈنكى تىلىم يوق . شۇنداق بولغىنىمغا قارىماي ماڭا كىم قويۇپتۇ ئىز قوغلاشنى! مەن يا رازۋېتچىك ھولمىس ئەپەندى بولمىسام . تۈرۈپ خىيالىمغا تۈركىيە - تاڭ ئاتماس جانلىق شەھەر ئىستانبۇل كىلىپ قالدى. ئىستانبۇل بىلەن تورونتو ھېسسىيات جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان شەھەر. تورونتو جىمجىت تىمتاس، شاۋقۇن - سۈرەنسىز ، ھەممە ئادەم جىمجىت ئۆز يوللىرىغا راۋان . بىر قولىدا تىمخورتون يەنە بىر قولىدا گېزىت . ئاپتۇۋۇز، تىرەنۋاي ۋە پويىزلاردا ھەممە ئۆز- ئۆزى بىلەن ياكى گېزىت ئوقۇۋاتقان ۋە ياكى گېزىتلەردىكى سۆز تېپىش ئويۇنلىرىغا قەلەم بىلەن بەلگە قويىۋاتقان . مەندەك يېڭى كەلدى ئاخۇنلارنىڭ بىر مەزگىل جىنى سىقىلىپ قالىدۇ بۇ شەھەردە . بۇ مەندىن ئېيتقاندا تورونتو قايسۇ بىر ئۇيغۇرچە ناخشىدا تىلغا ئېلىنغان - قالماق بۇتىدەك يارىم- دىگەن ئوخشۇتۇشقا بەك چۈشىدۇ . ئەمما ئىساتنبۇل ئۇنداق ئەمەس . ئىستانبۇل دېگەن چاغدا، كۆز ئالدىڭغا گۈزەللىكى بىلەن ئەرلەرنى مەسخۇش، ئاياللارنى ھەسەتخورلۇقتا مۈپتىلا قىلىدىغان، گۈزەل ۋە مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتسا قۇشلارمۇ ئۇچۇشتىن توختاپ تىڭشايدىغان ناز - كەرەشمە ، رومانتىك ۋە ھېسسىياتقا باي بىر گۈزەل جانان كۆز ئالدىڭدا نامايەن بولىدۇ.

ئىستانبۇل خىيالىمغا كېلىشى بىلەن كۆڭلۈم بۇزۇلغاندەك بولدۇم . ھەر ھالدا ئىستانبۇلدا ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردى بەك بىلىنىپ كەتمىگەن ئىدى . ھەر كۈنى جامىلەردىن كۆتۈرۈلىۋاتقان ئەزان ئاۋازى يۈرىكىڭنى لەرزىگە سالىدۇ . ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسە ساڭا يېقىن ، تونۇش . يىگەن نېنىڭ ، ئىچكەن سۈيۈڭ ھالال . يولدا كېتىۋاتقان بىر ئايالنى ھەي ئابلا (ھەدە) دەپلا تۇتىۋېلىپ ـ پالانى يەر قەيەردە ـ دەپ ، ئۇيغۇرچە سورىساڭمۇ، سېنى قولۇڭدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ قويىدۇ.

شۇنداق ئەبجەش خىياللارنى سۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېگىز تۈۋرۈككە ئېسىلغان ئېلان تاختىسىدىكى ـ تىمخورتون دېگەن يوغان خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . خەتنىڭ ئەتراپىدا يەنە كىشىلەر قوللىرىدا كۆتۈرىۋېلىشقان ئاشۇ كارتۇن ئىستاكانلار ھەمدە مۇشۇلار يەيدىغان بىرمۇنچە نەرسىلەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ھە ، ئاخىر تاپتىم ـ دېدىم ھاياجانلىنىپ ۋە سۈرئىتىمنى سەل تېزلەتتىم . ئەجەپ قاتتىق سوغۇق بولغىنىغا قارىماي كانادانىڭ قارلىرىدىن، بىزنىڭ يۇرتىمىز دىكىدەك غىچ ـ غىچ قىلغان ئاۋاز چىقمايدىكىنە ـ دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزەمگە . ئارقىدىن يەنە : بەلكىم تۇپراققا كۆمۈلگەن شېھىتلىرى يوق بولغاچقا ، بۇ ۋەتەننى ئاسانلا قولغا ئېلىپ قالغان بولغاچقا شۇنداقتۇر بەلكىم ـ دەيتتىم ئۆزەمگە جاۋاپ بېرىپ . شۇ تاپتا مەن ۋەتىنىمدىكى قارلارنى دەسسىسە چىقىدىغان غىچ ـ غىچ ئاۋازلاردىنمۇ غۇرۇرلانغاندەك بىر ھېسسىياتقا چۈمۈلمەكتە ئىدىم.

ئاخىرى مەنزىلىمگە يېتىپ كەلدىم . ئەمما تىمخورتون يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە، مەن يولنى كېسىپ ئۆتۈشۈم كېرەك. قايتىشتا ئېزىقىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، دوقمۇشتىكى دۇكان ۋە ئالاھىدە نەرسىلەرنى بەلگە قىلىۋالدىم . شۇنداق قىلىپ باشقىلار قاتارىدا تىمخورتوننىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ ئىچىگە كىردىم . بۇرنۇمغا گۈپپىدە مىزىلىك كوفى پۇرىقى كەلدى . بىلدىمكى كىشىلەرنىڭ سەھەردە، چۈشتە ۋە كەچتە قولىدىن چۈشۈرمەي كۆتۈرۈپ يۈرگىنى كافى ئىكەن . تىمخورتون دېگەن سۆز ھەم كافى ماركىسى ھەمدە كافى خانا ئىكەن . دۇكاننىڭ ئىچى كافى ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغان ئادەملەر بىلەن مىغىلداپ كەتكەن ئىدى . مەنمۇ ئەشۇ ئادەملەر قاتارىدا ئۆچرەتتە تۇردۇم . نېكىت پلىيز! نېكىست پلىيز!ـ يەنى كېيىنكى خېرىدار مەرھەمەت !ـ دەپ ، ۋاقىرايتتى پىركازچىك قىز ناھايىتى تېزلىكتە . مەن ئۆچرەتتە تۇرغاچ تىمخورتوندا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزۈتۈشكە باشلىدىم. تەزگاھنىڭ ئىچى ناھايىتى كىچىك بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئىنتايىن تېزلىكتە، خۇددى چۈمۈلىلەردەك چېپىپ يۈرۈپ، كافى، چاي ۋە يەنە قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۇلار قۇلاقلىرىغا مىكرافۇن تاقىۋالغان بولۇپ ، توختىماي كىملەردۇر بىرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ قوللىرى توختىماي بىر نەرسە ياساپ، ئېغىزلىرى توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى . قارشى تەرەپتە بىر دەرىزە بولۇپ، ماشىنا ئۇ يەرگە كېلىپ توختۇشى بىلەن ، خىزمەتچىلەر چاققانلىق بىلەن كافى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەشۇ دەرىزىدىن شوپۇرغا ئۇزۇتۇپ بېرەتتى . بۇ ھەرىكەتلەر ئىختىيارسىز ھالدا مەن كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن ـ چارلىز چاپلىن دېگەن كىنونى ئەسلەتتى . ئادەملەرنىڭ بۇنداق تېز ھەرىكەت قىلغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولغاچقا ، سەل بېشىم قايغاندەك بولدۇم . ھەم ھەيرانلىق ھەم قىزىقىش ئىچىدە ئۆچىرىتىمنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن . پىركازچىك قىزنىڭ ـ ئە چەسە مېي !ـ دېگەن يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئېسىمنى يىغدىم . قىز ماڭا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، نېمە ئالىدىغانلىقىمنى سوراۋاتاتتى . مەن خېلىلا ھودۇقۇپ ، تەمتىرەپ تۇرۇپ ئاغزىمغا ئۇڭاي كەلگىنى بويىچە ـ كافى ـ دېدىم . پىركازچىك قىز بىرنېمىلەرنى سورىدى . مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي جىمىمدە تۇرۇپ قالدىم . قىز ماڭا چوڭ كىچىك كارتون ئىستاكانلىرنى كۆرسەتتى . مەن يېس ، يېس ـ دەپ قاراپلا تۇردۇم . پىركازچىك قىز يەنە ئۈستىگە X L يېزىلغان كارتون ئىستاكاننى كۆرسەتتى . يەنە يەس دېدىم . قىز يەنە بىرنېمىلەرنى دېۋىدى يەنىلا يېس ـ دەپ قاراپ تۇردۇم. ئاخىرى كافى دەملەۋاتقان بىر ياش يىگىت ئۇزۇن X L ۋە تىمخورتون دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئاغزىلىرى مەھكەم يېپىقلىق قۇتىنى ماڭا ئۇزارتتى . مەن ـ تساڭكيوۋ ـ دەپ كافى قۇتىسىنى قولۇمغا ئالدىم . مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئېڭگىلىزچىدىكى پەقەت ـ يېس ، نو ، تسانكيوۋ ـ ئىدى. قولۇمغا كافىنى ئېلىپ، بىر ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇرىۋالغىچە، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇھ ـ دېدىم مەن پەلتۇرۈمنى سېلىپ ئورۇندۇق ئۈستىگە ئارتقاندىن كېيىن . ھوش ....كانادا ! سېنىڭ تىمخورتونىڭنىمۇ تېپىۋالدۇق ـ دېدىم ئۆز ـ ئۆزەمگە پىچىرلاپ . ئارقىدىن يەنە ـ قانچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن سېنى تېپىپ كەلگەن يەردە ،تىمھورتونىڭنى تاپماق قانچىلىك ئىشتى ـ دەپ ، ئۆزەمچە مەغرۇرلىناتتىم . ئەمدىكى مەسىلە تىمخورتوننىڭ ئۈستىگە مەھكەم يېپىلغان پلاستىك ئاغزىنى قانداق ئېچىش ئىدى . مەن ئەتراپىمدىكىلەرگە قاراپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئىستاكان ئۈستىدىكى ئېچىش بەلگىسى قىلىپ قويىغان يەردىكى سىزىقلار بويىچە ئىچىدىغان يەرنىمۇ تېپىۋالدىم . ئېغىزنىڭ سەل ئۇشۇقچە يىرتىلىپ كەتكىنىنى ۋە كافىلىرىمنىڭ ئازراق تۆكۈلۈپ كەتكىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا تىمخورتوننىڭ ئاغزىنى نەتىجىلىك

ئېچىۋالدىم ـ دەپ قارىسامىۇ بولىدۇ . مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە : نېمە بولاتتى بۇنچىلىك يىرتىلىپ كەتكەنگە، بۇنىڭ ئاغزىنى تۈنجى قېتىم ئېچىشىم تۇرسا ـ دەپ تەسەللى بېرەتتىم . ھەمدە ئەتراپىمغا بىر قارىۋېتىپ يەنە ئۆز- ئۆزەمگە : بۇ يەردە ھېچ ئۇيغۇر بولمىغاندىن كېيىن زاڭلىق قىلىدىغان ، بۇ ئېڭگىلىزلارنى يا مەن تونۇمىسام ـ دەپ ئۆزەمنى غالىپ كۆرسۈتۈشكە تىرىشاتتىم.

ئەمدى نۆۋەت تىمخورتوننى ئېچىشكە كەلدى . ئاستا ئاۋايلاپ كافىنى ئاغزىمغا ئالدىم- دە، ئاچچىق ۋە قىرتاق بىر سېزىم تۆپەيلىدىن پۈركىۋەتكىلى تاسلا قالدىم . غۇرۇرۇم ۋە نومۇسۇم كۈچلۈك كېلىپ، چىداپ تۇرۇپ يۇتۇۋەتتىم- دە ، خۇددى زەھەر يۇتۇۋالغاندەك قىينالدىم . ئەسلىدە بۇ سۈتىسىز، شېكەرسىز ، قېرىق قارا كافى ئىكەن . پىركازچىك قىز نېملا دېسە مەن يېس، يېس دەۋەرگەنلىكىمنىڭ تەمىنى تېتىماقتا ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ مەن تىمخورتوننىڭ ئىچىدە، كانادالىق خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىۋاتقان پىركازچىكلارنىڭ مەشغۇلات جەريانىنى كۈزۈتۈپ ، ئالاھەزەل بىرەر سائەتكە يېقىن ئولتۇردۇم . بۇ يەردە مەن ھاياتىمدا ھېچ كۆرۈپ باقمىغان ھەيران قالارلىق سۈرئەت ۋە تېزلىك بار ئىدى . تۆۋۇقسىز كاللامغا ـ مەن بۇ يەردە ئىشلىيەلەمەنمۇ ـ دېگەن سوال كەلدى. ئارقىدىنلا ـ مۇمكىن ئەمەس ـ دەپ جاۋاپ بەردىم ئۆز- ئۆزەمگە . چۈنكى ھازىرقى مېنىڭ سەۋىيەم بىلەن تىمخورتوننىڭ سەۋىيەسى ئوتتۇرسىدا بەك ئۇزۇن بىر مۇساپە تاشلىنىپ ياتاتتى . جاۋاپنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ۋۇجۇدۇمدا تۇغما بار بولغان ـ بىر نەرسىگە قىزىقىپ، كىرىشىپ قېلىش پىسخىكىسى مېنى يەنە غىدىقلىغىلى تۇردى . ئارقىدىنلا ئۆز- ئۆزەمگە يەنە ـ ياق ئۇنداق ئەمەس ، چوقۇم بۇ يەردە ئىشلىيەلەيمەن . مۇشۇ لار كىرىپ ئىشلىگەن يەرگە مەن نېمىشكە كىرەلمەيدىكەنمەن ـ دەيتتىم قەتئىي نىيەتتە . مەن ئەتىدىن باشلاپ ئەڭگىلىزچە 2- تىلىم ـ دەيدىغان مەكتەپكە بېرىپ تىل ئۆگۈنۈشنى باشلاش قارارىغا كەلدىم ۋە ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەلتۇرۇمنى كەيدىم- دە تىمخورتوندىن ئايرىلدىم.

ئۆيگە قايتىش سەپىرىمدە ۋۇجۇدۇمنى تىمخورتوندا ئىشلەش ئىشتىياقى قاپلىۋالدى . ئۆزەمدىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورايتتىم ۋە يەنە ئۇنىڭغا ئۆزەم جاۋاپ بېرەتتىم . قاراپ تۇر چوقۇم ئىشلەيمەن بۇ يەردە ، چوقۇم ـ دەپ كېتەتتىم ئۆزلۈكىمدىن مەدەتلىنىپ . يولدا كېتىۋېتىپ يەنە تىمخورتوندىن ئىبارەت ئوقۇرى ئىگىز بىر ئاتقا قىزىقىپ قالغانلىقىمنى يولدۇشۇمغا دېمەسلىك قارارىغا كەلدىم . چۈنكى ئۇ مېنى : خۇشتارمەن، كىرىشىپ قالىدىغان ـ دەپ زاڭلىق قىلىدۇ . ھاياتىمدا كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىپ ، خۇشتار بولۇپ ، كىرىشىپ قالغان . بۇ كىرىشىشلەر شۇنداق مۇستەھكەم ئىدىكى يولدۇشۇم مېنى تارتىپ چىقىرىمەن دەپمۇ كۈچى يەتمىگەن . بۇنداق كىرىشىشلەرنىڭ بىرى كاناداغا كېلىش ئىدى.

ۋەتەندىكى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگىدەك كىرىشىپ قالغان چاغلىرىم بولسا بۇندىن ئون بەش ـ يىگىرمە يىللار ئىلگىرى تېلېۋىزيە ئىستانسىسىدا پروگراما كۆتۈرە ئېلىشقا كىرىشىپ قېلىش بولغان ئىدى. ئىدارە رەھبەرلىكىمىز ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشقۇرىشىدا يېرىم سائەتلىك مەخسۇس پروگراما ئاچىدىغانلىقىنى، بۇنى خىزمەتچى خادىملارغا ھۆددىگە بېرىدىغانلىقىنى ، بۇ ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرسىتىلىدىغان پروگراما بولىدىغانلىقى، يىللىق ھۆددىگە ئېلىش سوممىسىنىڭ ئوتتۇز مىڭ يۈەن بولىدىغانلىقىنى، پروگراممىنىڭ ئىچىدە بەش مىنۇتلۇق ئېلان ۋاقتى بېرىلىدىغانلىقىنى ، شەخسلەر ، شۇنداقلا ئىدارە ـ جەمىيەت ، كارخانىلارنى تونۇشتۇرۇش پروگراممىسى بولىدىغانلىقى ۋە تونۇشتۇرۇلغان ئورۇنلاردىن پۇل ئېلىنىدىغانلىقى ، كۆتۈرە ئالغۇچىنىڭ مۇئاشى بىر يىلغىچە تۇتۇپ قېلىنىدىغانلىقى، ئەگەر ۋەزىپىنى ئورۇنلىسا بىر يىللىق مۇئاشىنى تولۇق بەرگەندىن باشقا ، ئاشۇرغان قىسمىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە زال ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن ئىدى . چۈنكى بۇندىن ئون بەش يىل ئاۋال ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇل دېگەننىڭ ھازىرقى ئۈچ يۈز مىڭ يۈەندەك قىممىتى بار ئىدى . قانداقلا بولمىسۇن مەن بۇ پروگراممىغا قىزىققان ھەم كىرىشىپ قالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇ پروگراممىنى ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە كۆتۈرە ئېلىپ ـ ئابرال ئىتەكلىرىدە ـ دەپ ئىسىم قويغان ئىدىم . ئىدارىدىكى ئەرلەر ئارقامدىن : بەك بېشى يوغان پوچى خوتۇن جۇمۇ بۇ ـ دەپ ھەيران قالسا ، يولدۇشۇم ـ قاراپتۇر، سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي ، يىل ئاخىرىدا مۇكاپاتىڭ ئۇياقتا تۇرسۇن مۇئاشىڭنىمۇ ئالالمايسەن ، ئىدارەڭدە يۈگرەيدىغان نى- نى ئەرلەر تۇرسا ، ساڭا كىم قويىدى پروگراما ھۆددىگە ئېلىشنى ـ دەپ ، مېنى ھەم قورقۇتاتتى ھەم سۆۋۈتاتتى. مەن ئابرال ئىتەكلىرىنى بەش- ئالتە ئايچە ماڭغۇزۇپ بېقىپ ، بۇ ئىشنىڭ بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . كۆپلىگەن يايلاق، قىشلاقلارغا بارساق قازاق قېرىنداشلىرىمىز ئالدىمىزغا چىقاتتى . ئۇلارغا ـ ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ئىككى قانالدا ئاڭلىتىمىز ـ دېسەك پۇلنى جىق ئالغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا قايتىپ كېلىپ ، بىرىنجى قىلىدىغان ئىشىم قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى نۇرلانبەگ

بىلەن كۆرۈشۈش بولدى . ۋە قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ قازاقچە مەخسۇس پروگراممىسىنى ئۇن بەش مىڭ يۇۋەنگە يىللىق كۆتۈرە ئالىدىغانلىقىم ھەققىدە تەكلىپ بەردىم . نۇرلانبەگ بۇ رەقەمنى ئاڭلاپ ، قۇلۇقىغا ئىشەنمىگەندەك : ئۇن بەش مىڭ يۇۋەن ! دېگىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قېتىپلا قالدى . چۈنكى قازاق تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىر قازاق بۇ پروگراممىنىڭ يىللىقىنى بەش مىڭ يۇۋەنگە كۆتۈرە ئېلىپمۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايۋاتقان ئىكەن . بۇ دەل- ئاق مۈشۈك ، قارا مۈشۈك چاشقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك - دېگەن تەشۋىقاتلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يىللار بولغاچقا، مەنمۇ شۇ تەشۋىقاتنىڭ تەسىرىدە، بىر تەرەپتىن چاشقان تۇتالايدىغان ياخشى مۈشۈك بولۇش خيالىدا بولغان بولسام ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنى سەرخىللەشتۈرمەن دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن.

ھەي ! ئاخماق ئىكەنمەن شۇ چاغلاردا . بۇ ئىشلارغا كىرىشىپ قالغىچە، ئەڭگىلىزچە ئۆگۈنۈشكە كىرىشىپ قالغان بولسامچۇ كاشكى، ياكى بولمىسا كاناداغا كېلىشنىڭ يوللىرىغا بالدۇرراق كىرىشىپ قالغان بولسامچۇ دەپ پۇشايمان قىلىمەن ھازىر.

سەل بېشى يوغان، ئاقساقالراق ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇلار مەن ئىشلىگەن پروگراممىلاردىن ئەندىشە قىلىپ، نازارەت قىلىدىغان ئادەملەرنى كۆپەيتىۋەتكەن ئىدى.

ئابرال ئىتەكلىرىنى بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئۈستىدىن كۆرۈپ نازارەت قىلغاندىن باشقا، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاخبارات ۋاستىلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم زېرىكمەي ، تېرىكمەي ت ۋ ئىستانسىسىغا كېلىپ، ئۈستىدىن كۆرۈپ سىياسى مەسىلە يوقلىقىغا جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن تارقىتىشقا رۇخسەت قىلاتتى . بۇنداق كۈنلەردە يولدۇشۇم ماڭا : سەن نېمانداق خۇشتارمەن بىر ئايال ھېي سەن، ئىدارەڭگە كىرسەم تارقىتىش بۆلۈمىدە سېنى قوشقاندا تۆت ئادەم ئولتۇرۇپ پروگراماڭنى كۆرۈپ كېتىپسىلەر . ئاۋۇ ئۈچى توختىماي سېنى سوراققا تارتىدىكەن . ئەيەرنى چىقار ، مەيەرنى چىقار - دەپ چىقىرۋېتىدىكەن . جاپانى سەن تارتىپ ئىشلەپ ئالدىغا ئەكىلىپ بەرسەڭ ، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۈنى شاللاپ ، بۇنى شاللاپ چىقىرۋېتىپ ، يوقىلاڭ بىرنەرسىلەرنى بېرىدىكەن . ئۈنىڭدىن ئالە پروگراماڭنى ، كىمگە ئىشەنچە قىلساڭ شۇنىڭغا بەر - ، دەپ ، تاشلاپ بەرسەڭ بولمامدۇ خۇشتارمەنلىك قىلغىچە - دەيتى يولدۇشۇم ماڭا خاپا بولۇپ.

مەن يوقۇرقىدەك خىياللارغا بەنت بولۇپ ، ئۆيۈمگە يېقىن قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن . ھەي ي ي ... شۇنداق بىچارىچىلىكلەر ئىچىدىمۇ ياشاپتۇق ھە شۇ يەردە ! دىدىم ئۆز- ئۆزەمگە. ئارقىدىنلا يەنە - ۋەتەن بولغاچقا كۆتۈرۈپ كەتتۇق - دە، ئانا ۋەتەننىڭ يەنە باشقىچە سېھرى كۈچى بار - دەيتتىم ، يىنىك ئۇھ تارتىپ.

## 2ـ قسىم: ئېنگلىزچە ئۆگۈنۈش مەكتۈۋدە

**6 ئايدىن كېيىن.**

مەن هازىر كانادانىڭ، ئىنگلىزچە 2ـ تىلىم دىگەن چوڭلار مەكتۈۋدە ئوقۇۋاتىمەن. يېقىندا 3ـ سىنىپقا چىقتىم. كاناداغا بىزدىن بۇرۇن كەلگەن بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن، مەھەللىمىزدىكى بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئېڭىلىزچە ئوقۇشنى، تىمخورتونغا كىرىشىپ قالغان كۆڭنىڭ ئەتىسىلا باشلىۋەتكەن ئىدىم. ئىنگلىزچە 1ـ دەرسىمنى باشلىغان كۈنۈم،مېنىڭ مەكتەپكە تىزىملىتىش قەغىزىمدىكى ئىسىممگە قاراپ مۇئەللىمىم هەيران قالدى. قەغەزنىڭ ئۈستىدە مالىيامۇگۈلى ئابۇدۇرەخەمان دىگەن، بوينۇمغا ئاسىدىغان ئوقۇغۇچىلىق كارتۇچكامدىن تاشقىنلاپ كېتىدىغان بۇ ئىسىمنى كۆرۈپ مۇئەللىمىم ۋاۋ دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەنچە، مۇرىلىرىنى قىسىپ دىگەندەك هەر خىل بەدەن هەركەت تىللىرىنى قوللۇنۇپ بىرنىملەرنى دەپ ئىنگلىزچە كالدىرلاپ كەتتى. ماڭا ياردەم قىلىپ مېنى بۇ مەكتەپكە ئەكەپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغان بۇ ئىنىمىزنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن مۇئەللىمىمنىڭ، بۇ ئىسىم بەلكا ئۇزۇنكەن مەن بۇنداق ئۇزۇن ئىسىم فامىلىنى كۆرۈپ باقمىغان،ئەگەر ئۇ خالىسا بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ، مالىيا دەپ چاقىرايلى دەۋاتقانلىغىنى بىلدىم. ئەسلى دادام ئەزان ئېيتىپ قويغان ئىسمىم مەريەمگۈل ئابدۇراخمان ئىدىم.ئەمما هازىر مالىيا دەپ چاقىرلىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدىم. مالىيا .............مالىيا ئىچىمدە ئۆز ـئۆزەمگە پىچىرلىدىم. كۆڭلۇم بەك يېرىم بولغاندەك بولدى. هەدە مالىيا دەپ چاقىرسا بولامدۇ جاۋاپ بېرىۋەتكەن بولسىڭىز ئالدىرايدىكەن دىگەن ئاۋاز بىلەن ئەسلىمگە كەلدىم. ئەسلىدە ياق مېنى مالىيا ئەمەس مەريەم دەپ چاقىرسۇن دىمەكچى ئىدىم دىيەلمىدىم، ئەڭ توغرىسى دىيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنداق قىلىپ ئەسلى ئىسمىم مەريەمگۈل، كېيىن مالىيامۇگۈلى ئەمدىلىكتە بولسا مالىياغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم.

ماڭا كانادانىڭ چوڭلار ئىنگلىزچە مەكتۈۋنىڭ 1ـ سىنىپىغا كىرىشىمگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن بۇ بالا، مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا ماڭا: هەدە سىنىپىڭىزدا خەنزۇ بۇرادەرلەر بەك جىققەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنى هازىرچە ئۇيغۇر، زهوڭگونىڭ غەربىدىن كەلدىم دەپ تونۇشتۇرماي تۇرۇڭ دىدى. نىمىشكە؟؟؟؟؟؟ جىددى سوئال سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن. بۇنىڭ جاۋابىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز هەدە، هازىرچە مەن تۈركىيەدىن كەلدىم تۈرۈك دەپ تۇرۇڭ،5ـ 6ئاي ئۆتكەندىن كېيىن رەسمى هالدا ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرسىڭىز بولىدۇ دىدى ماڭا ۋە شۇنداق قىلارسىز هەدە مەن بەك ئالدىرايمەن ئىشقا چىقىدىغان ۋاختىم بولۇپ قالدى دىدىدە كېتىپ قالدى. ۋاي خۇدايىم ئىسمىم مالىيا، مىللىتىم تۈرۈك، دەۋلىتىم تۈركىيە. مەن ماڭا تەۋە هېچنىمە قالمىغاندەك هىس قىلدىم.غۇرۇرۇم دەپسەندە بولۇۋاتقاندەك بىر سېزىمگە دۇچار بولدۇم.كانادادەك بىر دىموكراتىك دەۋلەتكە كېلىپمۇ مىللى كىملىگىم مەسىلىسىدە، ئۆز ـئۆزەمنى ئىپادە قىلالمايۋاتاتتىم.

مەن يۇقۇردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يولدۇشۇمغا ئېيتماسلىقنى يەنە قارار قىلدىم. چۈنكى يولدۇشۇم، مىللى كىملىك ۋە ۋەتەن هەققىدە باللارغا ۋە باشقىلارغا دەرس بېرىڭ دىسە جاهاننى بېشىڭغا كىيسەن، ئەمما ئۆزەڭگە كەلگەندە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنى قارا دەپ مېنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز تاپا تەنە ئىچىدە قالىمەن. خەيرىيەت بۆلارنىڭ هەممىسنى ئوڭشايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقت كېرەك. ئۆزەمنىڭ قايسۇ مىللەت ئىكەنلىگىم ۋە ۋەتىنىم هەققىدە بۇ سىنىپتىكىلەرنى ئەمەس بەلكى پۈتۈن كانادالىقلارنى خەۋەرلەندۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى هەيران قالدۇرىدىغان كۈنلەر هامان كېلىدۇ.دەپ تەسەللى بەردىم ئۆز- ئۆزەمگە ۋە شۇنداق قارارغا كەلدىم.

شۇنداق قىلىپ تۈركىيەدىن كەلگەن تۈرك ئوقۇغۇچى مالىيا بولۇپ 6 ئاينى ئۆتكۈزدۈم. خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم ماڭا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.ئۇلار ماڭا سىلەر تۈركلەرنىڭ قاش كۆز ۋە كىرپىكلىرىڭلار بەك قويۇق، ئۇزۇن ۋە چىرايلىق كېلىدۇ دەيتتى. دەرس جەريانىدا ئوقۇتقۇچى بىزنى بىرقانچە گۇرپىلارغا بۆلۈپ ئىنگلىزچە تەلاپپۇز قىلدۇراتتى ۋە مەشقلەرنى ئىشلىتەتتى. بۇنداق چاغلاردا خەنزۇ دوسلۇرۇم، مالىيا سەن بىزنىڭ گۇرپىغا كەل دەپ تالىشاتتى.

تۇنۇگۇن 3ـ سىنىپتا ئۆگەڭەن ئىنگلىزچىمىزنى ئەملى ئىشلىتىش يۈزىسىدىن، سىنىپتا ئۆزىنى، ۋە دەۋلىتىنى تونۇشتۇرۇش لىكسىيەسى ئۆتكۈزۈلدى. ئەسلىدە بۇنى بىر هەپتە بۇرۇن مۇئەللىم تاپشۇرۇق قىلىپ بەرگەن ئىدى.

مەن بېشىمغا چىمەن دوپپا، ئۇچامغا ئوتقاشتەك قىزىل ئەتلەس كۆينەك كىيىپ سەھنىگە چىقتىم. كومپيۇتۇرۇمدىكى دۇنيا خەرىتىسىنى تامغا چۈشۈرۈپ تۇرۇپ، زھوڭگۇ دىگەن جاينى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە ئۆلكىلەردىن ئالاھىدە چوڭلىغى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان غەربى قىسمىنى تاپتىم.

مېنىڭ ئىسمىم مالىيامۇ گۇلى ۋە ياكى ماليا ئەمەس، مەريەمگۇل مەن سۆزلىگەچ ئىسمىمنى دوسكىغا يازدىم. ئوك ئۇنداقتا نىمىشكە ئىسمىڭ، كىملىگىڭدە مالىيامۇ گۇلى فامىلەڭ ئابۇدۇرەخمەن بولۇپ قالغان بىزگە ئىنگلىزچە چۈشەندۈر دىدى مۇئەللىمىم مېنى يېتەكلەپ. چۈنكى زھوڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى تارقاتقان مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، زھوڭگۇنىڭ بۇ يەردىكى غەربى قىسمىدا 9 مىليون ئۇيغۇر مۇسۇلمان ياشايدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىمىزمۇ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك،شۇ ۋەجىدىن ئىسمىم ۋە فامىلەم شۇنداق بولۇپ قالغان دىدىم مەن خەرىتە ئارقىلىق ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ. مۇئەللىمىم ئوك چۈشەندىم، چۈشەندىم مەن سىلەرنى بىلىمەن دىگەنچە كومپيۇتوردىن بىرنەرسىلەرنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى.

سىنىپ ئىچىدىمۇ غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم بولسا، خەنزۇچىلاپ تاشى شىنجىئاڭدە ۋېيغىزۇرەن...............دېيىشمەكتە ئىدى.

مەن شۇ كۈنى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم كېچەك مەدىنيىتى بويىنچە دوپپا مەدىنيىتىنى كۆرسەتتىم. ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا تۈرلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ ھەر قايسى رايۇن ۋە شەھەرلەرنىڭ ئۆزگىچە دوپپا تۈرلىرى بار، سەن بىر ئادەمنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىغا قاراپ، ھە ماۋۇ ئا شەلىككەن ما شەلىككەن دىيەلەيسەن دىدىم مەن يەنە. مېنىڭ ئاددى 3- سىنىپ ئېڭلىزچە سەۋيە بىلەن سۆزلىگەن بۇ لىكسىيەمدىن مۇئەللىمىم ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ماڭا،ئوك مەريەمگۇل سەن بىزگە زھوڭگۇدىن كەلگەن ئەمما خەنزۇ بولمىغان بىر مىللەتنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىڭ، مەن گوئوگلەدىن تەكشۈرسەم سىلەر كانادادىكى نوپۇزى ئەڭ ئاز مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنسىلەر، ئەمما ئۆزگىچە ۋە چىرايلىق بىر مەدىنيىتىڭلار بىلەن كانادانىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدىنيەت باغچىسىدىكى يەنە بىر گۇل بولۇپ جۇلالىنىپ تۇرۇپسىلەر دىدى ۋە كاناداغا خۇش كەلدىڭ دەپ ماڭا قول ئۇزاتتى. مەن مۇئەللىمىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم مەنى ھەيرانلىق بىلەن ئورىۋېلىشتى ئۇلار مەندىن خەنزۇچە سوئال سوراۋاتاتتى ئەمما مەن ئۇلارغا ئېڭلىزچە جاۋاپ بېرىۋاتاتتىم. ئاردىن بىر ساۋاقدىشىم ماڭا، سەن ئەسلىدە خەنزۇچە بىلىدىكەنسەن ئەمما سۆزلىمەيسەن دىدى ئاغرىنغاندەك قىلىپ، شۇنداق سۆزلىمىدىم چۈنكى بۇ كانادا، كانادانىڭ دۆلەت تىلى ئېڭلىزچە بولغاندىن كېيىن،ئېڭلىزچە سۆزلەشنى لايىق كۆردۈم دىدىم مەن ئۇلارغا جاۋابەن. ئاردىن بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتىپ، سەن قانداق كەلدىڭ كاناداغا دەپ سورىدى مەندىن. ئايرۇپىلان بىلەن كەلدىم، ھەر ھالدا پاروخوت بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە مەن يوق دىدىم كۈلۈمسىرەپ. چۈنكى يېقىندا زھوڭگۇدىن قاچاق يول بىلەن كەلگەن بىر پاراخوتتىكى زھوڭگۇلۇقنىڭ كانادا دەڭىز ساھىلىدا سېزىلىپ قېلىپ زھوڭگۇغا قايتۇرۇلغانلىغى ھەققىدە خەۋەرلەر كەڭرى تارقالغان ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خەنزۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى تۈپتىن ئۆزگۈرۈپ كەتتى. مەن ھەيران قالدىم ۋە مېنىڭ بۇ مەكتەپكە كېلىپ تىزىملىتىشىمغا ياردەمدە بولغان ئىنىمىزنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنداق دىگەنلىگىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدۇم.

تىمخورتون كانادانىڭ داڭلىق كوفىئە ماركىسى. خۇددى ستار بوكس ئامېركىنىڭ داڭلىق ماركىسى بولغىنىدەك.كانادادىمۇ ستار بوكس بار ئەمما ئۇ قىممەتلىگى بىلەن بايلارنىڭ كوفىسى. تىمخورتون بولسا ئوتتۇرھال تۇرمۇش سەۋيەسىدىكى كىشلەرنىڭ كوفىسى.مەنمۇ ھازىر ھەر كۈنى بىر قېتىم تىمخورتوننىڭ كوفىسىنى ئىچىپ تۇرىمەن. بىر قولۇمدا تىمخورتون دىگەن خەت يېزىلغان قەغەز كارتون ئىستاكانغا قاچىلانغان كوفىئە، بىر قولۇمدا گېزىت، بوينۇمدا سومكام تورونتونىڭ قاينىمىغا شۇڭغۇپ كەتتىم.ھەي خۇدايىم بۇيرىسا 5 سىنىپنى پۈتتۈرۈۋالسام تىمخورتونغا ئىلتىماس قىلىمەن دەپ ئويلايتىم مەن مەكتەپكە كېتىۋاتقاچ.

مىللى كىملىگىم ھەققىدە سىنىپتا سۆزلىگەن لىكسىيەدىن كېيىن كۆپ يېنىكلەپ قالدىم. ھازىر كېچىلىرى كۈلۈمسىرەپ ئۇخلاۋاتىمەن. ئائىلىدىمۇ ئىنتايىن راھەت خۇشخۇي بولۇپ قالدىم. تاماق يەۋاتقاچ مەن قىلغان چاقچاقلاردىن ئىككى بالام ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ قالغىدەك تېلىقىپ كۈلۈپ، يەرلەردە ئۇلتۇرۇپ قالدۇ.ھەر ھالدا بۇ ئۆتكەلدىن يولدۇشۇمغا ئۇختۇرماي

ئامان ئېسەن ئۆتتۈۋالدىم.ئەمما بۇ دىگەنلىك ھەممە نىمە تۈگىدى دىگەنلىك ئەمەس، مەن يەنە كانادا ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ ئۆزۈمنىڭ ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى تولۇق ئۆزگەرتىشىم كېرەك قارىغاندا كانادادا قىلىدىغان ئىشلار بەك جىقتەك تۇراتتى.خەپ 5- سىنىپنى پۈتتۈرۈۋالسام ئىسىملىرىمنى تولۇق ئۆزگەرتىپ، بۇ يۇكتىن تولۇق قۇتۇلۇپ كەتىمەن دەپ يەنە ئويلايتتىم مەن.

بەزى كۈنلىر كۆزۈمنى يۇمسام مېن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەشۇ خىلۋەت شەھەردىكى دوس بۇرادەر خولۇم خوشنا،خىزمەتداشلىرىم ماڭا قاراپ ھەي..... مالىيامۇ گۈلى ئابۇدۇرەخەمەن دەپ مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇلار مېنى بىزگىغۇ ئامال يوق، سەنىڭ تېخچە مالىيامۇگۈلى بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىڭ قىززىقتە ھەي......دەپ مازاق قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار تېخى مالىيا دىگەن ئىسىملىرىمنى بىلمەيدۇ .تىمخورتوندا ئىشلەشكە كىرىشىپ قېلىشتىن باشقا مىللى كىملىكىم مەسىلىسىنى كانادالىقلارغا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت يەنە بىر مەسئۇلىيەت بىلەن قارشىلاشتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى كانالىقلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن ئاددى بىر ئىش بولسىمۇ ئەمما مەندەك بىر يېڭى كەلدى كۆچمەن ئۈچۈن خېلى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ئىدى. بوپتۇ سۇنىڭ كۈچى ئاستا، ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىچىك- كىچىك تۇپراق ۋە قىرلارنى ئۆزىگە قوشۇپ چەكسىز كەتكەن دەريالارنى شەكىللەندۇرىدۇ. بوپتۇ، كىچىك بولسىمۇ بىر غايەم بولسۇن - دە ھەرگىز دەريا يۈزدە ئېقىپ كېتىۋاتقان يومۇرماق ۋە سامانلارغا ئوخشاپ قالماي. ئۇ نەرسىلەر ئۆزى ئاقمايدۇ بەلكى سۇنىڭ كۈچى ئۇلارنى ئاقتۇرىدۇ. مەن ھەرگىز ئۆزى ئاقماي سۇنىڭ كۈچى ئاقتۇرىدىغان سۇ يۈزىدىكى سامان ياغاچلىرى بولۇپ قالمايمەن دەپ ئۆز- ئۆزەمگە تەسەللى ۋە مەدەت بېرەتتىم بەزىدە. تۇنۇگۈن تۈركچە بىر ماتىريال كۆرۈۋېتىپ مۇنداق بىر جۈملىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.ۋەتەنىنىڭ ئوت پراقلىرىنى ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇراي،ۋەتەنىنىڭ قەدرىگە بەكرەك يېتەي دىسەڭ بىر مەزگىل ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەتئەلدە ياشا. شۇنداق بۇ ناھايىتىمۇ توغرا گەپ دەپ تەستىقلىدىم ئىچىمدە مەن چەتئەلگە چىققاندىن بۇيان، بولۇپمۇ كاناداغا كەلگەندىن بۇيان ۋەتەن خاتىرلىرى بىلەن ياشىدىم.بۇ خاتىرىلەر ئىچىمنى ئىللىتىپ مېنى جەسۇرلۇققا يىتەكلەپ تۇردى.

تىمخورتوندا ئىشلەشكە كىرىشىپ قالغان كۈندىن ئېتىبارەن، ھەپتىدە بىرەر ئىككى قېتىم تىمخورتونغا كىرىپ كوفى ئىچكەچ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان بولۇپ قالدىم.كۆز ئالدىمدا ھاياتىمدا ھىچ كۆرۈپ باقمىغان مۇلازىمەت سىستىمىسى تۇرماقتا ئىدى. خىزمەتچىلەرنىڭ كوفى، چاي ۋە سوغۇق ئىچىملىك شۇنداقلا ئەتتىگەنلىك ناشتىلىق تەييەرلاشتىكى تېزلىگى ۋە ماسلىششچانلىغى ھەيران قالارلىق ئىدى. بۇلارنى كۆزەتكەنچە، ھەي مەندەك بىر تۇنۇگۈن كەلگەن كۆچمەننىڭ كانادادىكى 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت ئورنىغا كىرىپ ئىشلىشى مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ، تىمخورتونغا قىزىقىپ قېلىشتىن ۋاز كېچەي جۇمۇ دەپمۇ ئويلۇدۇم. ئەمما شۇ مىنۇتلاردا يەنە ھىس تۇيغۇلۇرۇم بىلەن غۇرۇرۇم ياقا سىقىشىپ قالدى. لۇكچەك غۇرۇرۇم ئەزۋەيلەشكە باشلايتتىدە ھىس تۇيغۇلۇرۇمغا قارىتىپ مۇش ئاتاتتى. روھىيتىم قاتتىق بىر مۇنازىرە پارتىلىشغا مەيدان بولاتتى شۇنداق چاغلاردا مەن، خۇدايىم بۇيرىسا چوقۇم ئىشلىيەلەيمەن دەيتىم قىززىق كوفىنى يۇتۇم- يۇتۇم ئىچكەچ.

ئۇزۇن ئۇزۇن ئۆچرەتلەرنى بىر ئىستاكان كوفى ئۈچۈن سەۋىرچانلىق بىلەن تۈگۈتۈپ، كوفى ئىچىۋاتقان ناتونۇش بۇ مىللەتكە قاراپ جەننەت ھەققىدە ئويلۇنۇپ قالدىم.

ئانامنىڭ ھەر كۈنى ئەتكەن چاي ئىچمىسە، ئىچىم قۇرۇپ كەتتى دىيىشلىرى بىلەن ئىنگلىزلەرنىڭ بىر ئىستاكان كوفى ئۈچۈن ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆچرەت تۇرۇشلىرى ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىغى ماھىيەتتە ئىككى مىلەتنىڭ ئۆزىگە تەۋە جەننىتىنى ئىزلىشى ئىدى.

جەننەت دىگەن نىمە؟ سېنىڭ جەننىتىڭ بىلەن مېنىڭ جەننىتىم ئوخشمايدۇ.ئەتكەنچاي ئۇيغۇرنىڭ جەننىتى بولسا ئەلبەتتە كوفى ئىنگلىزنىڭ جەننىتى. سەنىڭ جەننەت ئۇقۇمۇڭ بىلەن مېنىڭ جەننەت ئۇقۇمۇم ئوخشمايدۇ.سەن جەننەت دەپ چۈشەڭەن نەرسە مەن ئۈچۈن دوزاق بولۇشى مۇمكىن. خۇددى چەنلوڭ خان ئوردىسىدىكى ئىپارخانغا بېرىلگەن جەننەتلەرگە نەزىرىنى سالمىغان ئىپارخاننىڭ، يوپۇرمىغى كۈمۈش مۇيسى ئالتۇن رەڭ يۇرتۇمنىڭ مۇيلىك دەرەخلىرىنى كەلتۇر دىگىنىدەك.ئالتۇن قەسىرلەر ئىچىدىكى بىر ئىنگلىزگە ئوخشىغان لەڭمەن پولۇرۇڭنى ئەتىپ بېرىپ، بۇنىڭغا جەننەتنىڭ تەمىنى تېتىتىۋاتىمەن دىيەلمەيسەن. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ پىززاسىنى سېغىنىپ ئاھ ئۇرۇدۇ ۋە ياش تۆكىدۇ.بەزىدە سېنىڭ جەننەت دەپ بېرىۋاتقىنىڭ، قارشى تەرپكە دوزاق بولۇپ بىلىنىشى مۇمكىن.ھەر مىللەتنىڭ شۇنداقلا ھەر كاللىنىڭ

ئۆزىگە خاس جەننىتى بولىدۇ.دۇنياغا كەلىپ ئۆتكەن ھەر قانداق ئىمپىراتور پادىشالارمۇ جەننەتلەرنى باشقىلارغا مەجبۇرى تېڭىش بىلەن غەلبە قازىنالمىدى. ۋەتەننىڭ كەڭرى كەتكەن بوستانلىق ئېتىز باشلىرىغا بىر كورا قايماقلىق ئەتكەن چايىنى ئاچىقشۇېلىپ، ئۆرگۈلۈپمۇ- چۆرگۈلۈپ سورۇپ ئىچىپ كۆن ئۆتۈزىدىغان بىر ئانىغا گۆپپىدە پۇراپ تۇرىدىغان بىرازىلىيەنىڭ ئېسىل كوفىسىنى تەڭلىسەڭ بۇنىڭغا يۇرۇگۇم چىلاشمايدۇ دەپ سىنىڭ قولۇڭنى ياندۇرىدۇ.دىمەك ئۇنىڭ مەنۋى جەننىتى ئەتكەن چاي. ھەر ۋەتەن بىر جەننەت. كانادانىڭ 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇرانىدا ئىشلەشكە خۇشتارمەن بولۇپ قالغان كۈندىن ئېتىبارەن شۇنداقلا تىمخورتوننى پات - پات زىيارەت قىلىشقا باشلىغان كۈندىن ئېتىبارەن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ جەننەت ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم.تىمخورتونغا كوفى ئىچىش ئۈچۈن كىرگەن ھەر قاتلامنىڭ ئادەملىرىنى كۆزەتتىم. قۇلۇغۇمغا ھەق1قى بىر جەننەتتە ياشاۋاتقان كىشلەرلا بىجىرەلەيدىغان بىر ياڭراق كۈلكە ساداسى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەنمۇ شۇنداق ياڭراق ۋە جاراڭلىق شۇنداقلا يۈرەكنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىن كەلگەن بىر كۈلكنى ئەمەلگە شۇرالامدىم يوق دىگەن مەخسەتتە ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ كۈلۈپ باقتىم. ھەيران قالارلىغى مەن بۇ ئىشنى بېجىرەلمىدىم. ئاغزىم كۈلۈش ئۈچۈن ئېچىلىشى بىلەن تەڭ كۆزلىرىمدىن ياشلار تۆكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

شۇندىن ئېتىبارەن كوچىلاردا ئەركىن ئازادە پاراڭلىشىپ كۈلكە چاخچاقلار بىلەن غەم قايغۇسىز كېتىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قىزىقىش بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم.قۇلۇغۇمغا ھەر ئاڭلانغان، يۈرەكنىڭ قات قاتلىرىنى يەرىپ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان قىزىلگۈلدەك چىقىۋاتقان كۈلكە سادالىرى مېنى كۈلكە، جەننەت ۋە ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ تېمىنىڭ يىلتىزىنى ئىزلەشكە باشلاپ كىردى.

كوچىلاردىكى ئېلان تاختىلىرىغا چاپلاپ قويۇلغان رەسىملەردىكى غۇبارسىز كۈلكە ساھىپلىرىغا ئۇزاق- ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كېتەتتىم. ھەپ ئىنگلىزچەمنى چوقۇم ياخشىلاپ تىمخورتونغا كىرىپ ئىشلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن،مەن كۈلكە ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن. مەن بۇنى كانادالىقلار نىمە ئۈچۈن شۇنچە جەسۇر، شۇنچە تەبىئى، شۇنچە يۈرەكتىن كۈلەلەيدۇ ئەمما مەن نىمە ئۈچۈن ئۇنداق كۈلەلمەيمەن؟ دىگەن سوئالدىن باشلايمەن دەپ ئويلايتىم مەن.

## 3ـ بۆلۈم

كاناداغا كەلگىنىمگە بىر يىلدىن ئاشتى. ھازىر ئەن گىلىزچە 2ـ تىلىم چوڭلار مەكتىۋىنىڭ 5ـ يىلىلىغىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرماقتىمەن.

ئەمما تىمخورتون ئاتلىق بۇ كانادانىڭ 1ـ نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رېستۇرانىدا ئىشلەش نىيىتىمدىن ۋاز كەچكىنىم يوق.بەزى كۈنلىرى تىمخورتوننىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ تۇرىمەن. بەزى كۈنلىرى ئىچىگە كىرىپ، خېرىدار بولۇپ كوفى ئىچكەچ، ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىمەن. ھازىر مەن بۇ تېز مۇلازىمەت دەرياسىدا مۇشۇلارغا ئوخشاش ئاقالارمەنمۇ؟ دىگەن سوئال ۋە ئۇنىڭغا يەنە ئۆز ـ ئۆزەمگە بېرىدىغان جاۋاپ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدىم.

ھەي ئىنسان ئەتىكى كۈنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى بىلمەسلىك بىلەن نەقەدەر ئاجىز ـ ھە! بىر مىنۇت، بىر دەقىقە ئىچىدە ھاياتىڭ ۋە تەغدىر قىسمەتلىرىڭدە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەن بىر يىلنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قارشى قۇتۇپتا ياشايدىغان،ۋەتىنى، ئۆي ماكانى،خىزمىت ئىۋە يۈز ئابروپى بار ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ئىدىم. ۋەتەن بەرگەن خوجايىنلىق روھى بىلەن ۋەتەن تۇپراقلىرىدا سەن خۇددى شوخ ئارغىماقسەن. ھەرقانداق بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇستۇڭدە پۇلاڭلاتقان ھۆكۈمرانلىق قامچىسى سېنىڭ بۇ ۋەتەنىنىڭ ھەقدار ئىگىسى ئىكەنلىكىڭدىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك روھى مەرتىۋەڭنى ئاجىزلىتالمايدۇ. چۈنكى ۋەتەن ئالدى بىلەن ساڭا تەئەللۇق زىمىن. ئانا تىلىڭ سېنى ۋەتەن زىمىنلىرىدا تەختىراۋانلاردا كەزدۈرگەن،سېنى چوڭ سۆزلەتكەن، سېنى سەن قىلغان يەنە بىر كوزۇرۇڭ. ئىنسان نەرسىلىرىنىڭ قەدرىگە قولدىن كەتكەندە بەكرەك يېتىدۇ. كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ئىنگلىزچىنى كىكەچلەپ سۆزلەپ يۈرگەن شۇ مىنۇتلاردا، ۋەتەن ۋە ئانا تىلنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىگىنى، ھاياتىمنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىنمۇ بەكرەك ھىس قىلماقتا ئىدىم.

شۇنداقلا مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان،ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تامغا قىلىپ بېسىۋېتىلگەن مالىيامۇگۈلى ئابۇدۇرېخىمان نامىلىق غەلىتە ۋە ئىچىمنى بەك پۇشۇرىدىغان بۇ سۆرەم پالاز ئىسمىم بىلەن بىرلىكتە،بىر كۈندە ئۆزگىرۈپ كەتكەن تەغدىرىمگە تەن بېرىپ، ئانا ۋەتىنىمدىن تولىمۇ ئۇزاقتا بولغان بۇ 2ـ بىر قۇتۇپقا ماسلىشىش ئۈچۈن، يات ۋەتەن، يات تىل، يات مەدىنيەت، يات ئۆرپ ئادەت ئىچىدە تاۋلانماقچى بولدۇم. يىغىنچاقلىغاندا، ھاياتنىڭ بۇ ناتونۇش دەرياسىدا ئۆز قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ سوقۇلىدىغانلىغىم ئېنىق.

شۇنداق قىلىپ مەن ئىنتايىن ئاددى قىلىپ تۈزۈلگەن ئىنگلىزچە تەرجىمھالىمنى كۆتۈرۈپ،يازنىڭ پىجغىرىن ئىسسىقلىرىدا ئاپتۇۋۇز بىلەن تورونتو شەھرىنىڭ بارلىق بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدىكى تىمخورتونلارغا بېرىپ،كېكەچلەپ يۈرۈپ سىلەر ئادەمگە ئېھتىياجلىقمۇ؟ بۇ مېنىنىڭ تەرجىمھالىم دىگەنچە تەرجىمھالىمنى تارقاتتىم. قەيەرگىلا بارماي تەرجىمھالىمنى قولىغا ئالغان ھەرقانداق باشلىق تەرجىمھالىمغا بىر، ماڭا بىر قارايتى. ئەجەبا نەردە خاتا قىلدىم دەپ ئويلايتىم ئىچىمدە. مەن ئاخىرقى بىر تەرجىمھالىمنى بىر تىمخورتونغا بەرگەن ۋاقتىمدا،ئالىلىقچان كەچ كىرىپ سائەت 8 لەرنى كۆرسۈتۈپ تۇراتتى.ئەتراپىم ناتونۇش ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئەبجەشمىسى .قوسقۇمنىڭ ئېچىپ ئۈچەيلىرىمنىڭ تارتىشۋاتقانلىغىنى،ئۇسساپ كالپۇكلىرىمنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىگىنى ھىس قىلدىم . ئالدىمدا تۇرغا تىمخورتوننىڭ باشلىغى تەرجىمھالىمغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ،مەنى ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ،ئىچىگە كىرىپ كەتتى.كاللامدا بىردە خوشاللىق بىردە ئەنسىرەشتىن ئىبارەت 2 خىل سەزىم ھۆكۈم سۇرمەكتە ئىدى.بۇ خانىم مېنى ئىشقا ئالغانمدۇ؟دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە.بىر دەمدىن كېيىن بۇ خانىم قولىدا بىر پەتنۇسنى كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ، مەن ئولتۇرغان ئۈستەلگە كەلدى.خانىم ئىنتايىن مېھرىبان ۋە يېقىملىق ھالەتتە ئوتتۇرىھال چوڭلۇقتىكى ئىككى شەكەر ،ئىككى قايماقلىق كوفى بىلەن ئوتقا قاخلىنىپ س"رىق ماي سۇرۇلگەن.**bagel**

(گىردىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نان)نى ماڭا تەڭلىدى.يېڭى دەملەڭەن كوفىدىن چىققان مەزىلىك پۇراق بىلەن سېرىق ماي سۇرۇلگەن ئىسسىق باگەل بۇگۈنكى بىر كۈنلۈك ھاردۇغۇمنى چىقىرىشىمغا يېتەرلىك ئىدى.

kخانىم ،ئىسمىم Julisa دومىنىكان جۇمھۇرىيىتىدىن 15 ياش ۋاختىمدا كاناداغا كەلگەنمەن . بۇ تىمخورتوندا باشلىق بولۇپ
ئىشلەۋاتقىنىمغا 5 يىل بولدى ،سېنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خوشالمەن دىدى ماڭا يېقىملىق ھالدا قول
ئۇزۇتۇپ ، مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر خىل ھودۇقۇش ۋە تەمتىرەش ئىچىدە قولۇمنى ئۇزاتتىم ۋە سىنىپتا تولا تەكرارلىغان مەنمۇ
خوشالمەن يەنى metoo دىگەن سۆزنى بىرىنجى قەتىم ئىشلىتىۋالدىم.سېنىڭ ئىسمىڭ نىمانداق ئۇزۇن قەيرلىكسەن دەپ
سورىدى باشلىق خانىم يەقىملىق ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ .كىملىگىمنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە يەنە باش قەتىنچىلىقتا
قالدىم .سومكامنى ئاختۇرۇپ يۇرۇپ دۇنيا خەرىتىسىنى چىقاردىم ھەمدە zhonggoni كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ تۇرۇپ west
part of chinaدىدىم ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ok ok. دىدى خانىم ئىللىق كۈلۈمسىرەپ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ
قارىغانچە، ئەمما سەن ھېچ خىتايغا ئوخشىمايسەنغۇ ؟ دىدى. مەن ئۇيغۇر google google دىدىم مەن بىر پارچە قەغەزگە
googleئىزدەش ماتورىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، باشلىق خانىم چۈشەندى ۋە دەرھال كومپيۇتورىنى چىقىرىپgoogleدىن
ئۇيغۇرنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى تاپتى ۋە ok ok مەن چۈشەندىم دىدى ئاندىن تەرجىمھالىمغا قاراپ تۇرۇپ ناھايىتى ئۇزۇن
سۆزلەپ كەتتى. بۇ خېنىم ئىنتايىن تېز سۆزلەيتتى گەرچە خانىمنىڭ پۈتۈن سۆزلىگەنلىرىنى تولۇق چۈشۈنۈپ كەتمىسەممۇ
ئەمما، دەۋلەتنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىۋالماي ئىشلەيمەن دەپ ئىش ئىزلەپ يۇرگىنىڭگە بارىكاللا ئەمما، تىمخورتونغا كىرىپ
ئىشلەش ئۈچۈن ئىنگىلىزچەڭنى يەنىمۇ ياخشىلىشىڭ كېرەك چۈنكى سەن خەرىدارلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنى تولۇق
چۈشۈنىشىڭ كېرەك دىگەن سۆزلىرىنى چۈشەندىم. قايتىش ئالدىدا ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن چىڭ سىقتى بۇ
قول سىقىشلارغا چوڭقۇر ئىنسانى ھىسداشلىق نەقەدەر چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن- ھە!ئۇ يەنە مېنىڭ تولۇق چۈشۈنۈشۈم
ئۈچۈن بىر پارچە قەغەزگە بىرنىملەرنى يېزىپ بەردى مەن ئاللا ئاللا بۇ خەقنىڭ 5- سىنىپنى تۈگەتسەممۇ يەنىلا
ئىنگىلىزچەڭنى ياخشىلا دەيدىغۇ بۇ ئاداش دەپ غۇدۇرغانچە قەغەز قەلەملىرىمنى كۆتۈرۈپ تىمخورتوندىن چىقىپ كەتتىم.
بىر كۈن كەچكىچە يول يۈرۈپ قاتتىق چارچىغان ئىدىم. پۇت قوللۇرۇمنىڭ سىقىراپ ئاغرىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدىم. ئاران
دىگەندە ئاپتۇۋۇز بېكىتىگە كېلىۋالدىمدە، بۇ يەردىكى ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلىدىم مەن خۇددى سۇسىز قالغان گۈلدەك
سولاشقان ئىدىم. كاللامدىكى مەلۇم تومۇرلاردىن، غۇلجىدىكى قورالىرىمدا، ئىشخانىلىرىمدا ۋە ئاياللار ئولتۇرۇشلىرىمىزدا
قاقاقلاپ كۈلگەن، غۇلجا كوچىلىرىغا ھۆسۈن بەرگەن مەغرۇر قىياپەتلىرىم شۇنداقلا ئىلى دەرياسى بويلىرى، جەلىيۈزنىڭ
ئۈرۈكلۈك باغلىرىدا بولغان چاقچاق سورۇنلىرىدىكى پاراققىدە كۈلۈشلەر پاراتتىن ئۆتكەندەك بولدى. مەن ھەلىقى تەرجىمان
ئىنىمىزغا تەلىفۇن قىلدىم. تەرجىمان ئۆزىنىڭ پويىزدا ئىكەنلىگىنى يەنە يېرىم سائەت ئىچىدە ئاپتۇۋۇزغا ئالمىشىپ ئەشۇ مەن
تۇرغان بېكەتكە كەلىدىغانلىغىنى ۋە شۇ يەردە ساخلاپ تۇرۇشۇمنى ئەيتتى. تەرجىمان ئىنىمىز يەتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا
ئىش ئىزلەش ئۈچۈن ھازىرلىغان تەرجىمھالىم بىلەن تىمھورتوننىڭ باشلىغى يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغان قەغەزنى
كۆرسەتتىم تەرجىمان يىگىت تەرجىمھالىمغا قاراپ ھىقراپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بېشىدىكى شەپكىسنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپ
بارماقلىرى بىلەن چېچىنى تاتىلىغانچە يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ، ھەدە تەرجىمھالىڭىز بەك ئاددىغۇ......... بۇ
تەرجىمھال بىلەن تىمخورتونغا كىرىشىڭىز سەل تەس ئەڭ ياخشىسى سىز زاۋۇتلاردىن ئىش ئىزلەپ باقسىڭىز بولامدىكىن
دىدى.ئاندىن ئۇ يەنە باشلىق خانىم يېزىپ بەرگەن ئەگرى بۈگرى خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ بۇ ئايال سىزنى ئاۋال
تىمخورتوندا قاچا يۇيىدىغان ئىشقا ئالالايمەن ئەگەر خالىساڭ دەپتۇ دىدى. قاچا يۇيۇشمۇ؟ دىدىم مەن جىئددى تەلەپپۇزدا
تەرجىمان يىگىتكە قاراپ، ۋەتەندە مەن ئالى ئۇنۋان ئېلىش ئالدىدا تۇرغان كاتتا زىيالى ئىدىم ئۇكام، مەن قايناپ سۆزلەشكە
باشلىدىم تەرجىمان يىگىتمۇ قايناپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇنداق ئالى پالى ئۇنۋانلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ ھەدە بۇ
دىگەن كانادا. ئارىنى بىر ئاز سۈكۈنات قاپلىغاندىن كېيىن يەنە كەسكىن ۋە سوغۇق مۇنازىرە داۋام قىلدى. ھازىرچە قاچا
يۇيۇپ تۇرۇپ ئاندىن ئاستا ئاستا تىمخورتوندا پىركازچىك بولسىڭىز بولىدىغۇ ھە دىدى تەرجىمان يىگىت. ياق ياق مەن
ھەرگىز قاچا يۇمايمەن ھەرگىز. ئۇنداقتا، بۇنداق بىر ئاددى تەرجىمھال بىلەن ئىش ئىزلەپ يۇرمەڭ، تەرجىمھالىڭىز تولىمۇ
كۆلكىلىك ئىكەن. ئارىنى يەنە سۈكۈنات قاپلىدى . مەنىڭ ئاۋازىمنى بولىشىچە قويۇۋەتىپ ۋاقتاپ يىغلىغۇم بار ئىدى .مەن
يېرىلىپ كەتىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئەينەك شىشىگە ئوخشاپ قالغان ئىدىم. ياش كۆز چاناقلىرىمدا پىلدىرلاپ قالغان ئىدى.
ئىچىمدىن بىر ئاۋاز ئەي ئايال يىغلاشتىن قورقما، زىھنىڭنى بىھۇدە خوراتقان ئاچكچىق زەرداپلار ۋە چۈشەنچىلەر كۆز ياشلىرى
بىلەن پاكلانسۇن، ئەگەر ئايال كۆزىدە ياش يوق بولسا ئۇنداقتا روھ كۆك ئاسمانغا ۋە زىمىنغا ساھىپ بولالمايدۇ، ئەگەر
كۆزدە ياش يوق بولسا چارە يوللىرى تاقالغان بولىدۇ دىمەكتە ئىدى. تەرجىمان يىگىت سومكىسىدىن كومپيۇتورىنى چىقىرىپ
بىر نەرسىلەرنى ئىزلىدى ۋە قەغەزگە بىر نەرسىلەر يېزىپ ماڭا تەڭلىدى. ھەدە سىز مۇنداق قىلىڭ، مانا بۇ يەرگە بارسىڭىز
سىزنىڭ تەرجىمھالىڭىزنى ئۆلچەملىك، ئىش ئىزلەشكە مۇۋاپىق قىلىپ چىقىرىپ بېرىدىغان كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس

خادىملىرى بار، ئۇلار ھەقسىز سىزگە ياردەم قىلىدۇ دىدى قەغەزنى ماڭا ئۇزۇتۇپ. مەن روھسىز ھالەتتە قولۇمنى قەغەزگە ئۇزاتتىم. بىز يوللىرىمىزغا راۋان بولدۇق. مەن بۈگۈنكى تورونتو شەھرىنى قىدىرىپ ئىش ئىزلەشتىن، خۇددى سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان سىياسى مەھبۇسلاردەك قەدەملىرىمنى تەستە ئالالاتتىم ئەمما، ئۇ سىياسى مەھبۇسلارنىڭ قەدەملىرى قانچىكى ئېغىر بولسا بولسۇنكى ، كاللىلىرى ھامان ئويغاق، مىللىتىنىڭ سىياسى تەغدىرى ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، مەنىڭمۇ بىر نەرسىگە كىرىشىپ قالدىغان كاللام، قانداق قىلىپ تىمخورتونغا كىرىپ ئىشلەش كېرەكلىگى ھەقدە توختىماي ئىشلىمەكتە ئىدى

İنسان ئاجىز ۋە چارىسىز قالغان چاغلىرىدا ئۇنى كەچمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسلىرى غىدىقلايدۇ. بۈككىدە ماھەللىلەر، مەھەللىلەرنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭلەر، دەريا بويىغا تۈتاشقان چىغىر يوللار، ئالملىق باغلار، شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ ئىرغىتىپ چۈشۈرىدىغان ئۈجمىلەر، ئاستىڭدا دەستىخان تۇتۇپ سەن ئېغىتقان ئۈجمىلىرىڭگە پانالىق بەرگۈچى بالىلىق دوستلىۇرىڭ، تاك ئېتىش بىلەن كۆزۈڭنى ئاچساڭ دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە كونا قېرى نەشپۈت دەرىخى، مەي باغلاپ پىشقان نەشپۈت ۋە لاكلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تېلى شاخنىڭ ئەڭ ئۇچىدا ساپ سېرىق سارغىيىپ قاراپ تۇرغان، خەپ ئاشۇنى قولغا چۈشۈرىمەن دىگەندەك بالىلىق پىلانلىرى بىلەن كۆزۈڭنى مەجبۇرى ئېچىپ ئورنۇڭدىن تۇرسەڭدە ئاناڭ بىلەن داداڭنىڭ ئوتتۇرسىدا ئولتۇرۇپ، ئاناڭ ئۆز قولى بىلەن نان چىلاپ بەرگەن ئەتكەن چايىنى ئىچسەن داداڭ ماختايدۇ سېنى پاھ پاھ مەنىڭ قىزىم بەك سەھەرچى بولۇپ كەتتى ھە. شۇ دادا سەنىڭ سەھەر تۇرغان ئۈينىڭ بەركىتى بولىدۇ دىگەن گېپىڭنى ئاڭلاپ دەيسەن، ئاناڭ بىلەن داداڭ خوشال بولۇپ كۈلىدۇ ئەمما كۆزۈڭ شاخنىڭ ئۇچىدا قاچانمۇ بۇ يىغانە ئارزۇلۇق نەشپۈتنى قولغا چۈشۈرەرمەن

ئەگەر نەشپۈت شېخىنى ئېغىتساڭ سارغىيىپ پىشقان ئەڭ ئاخىرقى تەۋەرۈك نەشپۈت يەرگە چۈشۈپ پوككىدە يەرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن نەشپۈت شاخلىرىغا يامىشىشىڭ كەرەك. ۋاي ئانام، قىز بالىمۇ شۇنداق بولامدۇ چۈشۈڭ شاختىن يىقىلىسىز قولۇم قوشما ۋە ۋە ئاناڭنىڭ ۋاقىراشلىرى، سېنىڭ بۇ ۋاقىراشلارغا پەرۋا قىلماي ئۈستىگە، يەنى قامەتلىك نەشپۈت دەرىخى ئۈستىدىكى ئەشۇ نەشپۈتنى ئوۋلاش ئۈچۈن يۇقىرى ئۆرلىشىڭ، شۇنداق بۇ خارەكتىر، يەنى كىرىشىپ قېلىش خارەكتىرى كىچىگىمدە، قورۇرىمىزدىكى ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما ۋە تاش ئالملارنىڭ كۆزدە، ئەڭ ئاخىرقى شاخ ئۇچىدا قالغانلىرىنى قانداق قىلىپ شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىشقا كىرىشىپ قالغان بولسام، بۈگۈن كانادادىمۇ تىمخورتوندا ئىشلەشكە شۇنداق كىرىشىپ قالغان ئىدىم

كانادا ئەلبەتتە مەنىڭ جەننىتىم ئەمەس. كانادادا مەن خۇددى جەننەتتە يىيىش مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يەپ قويۇپ ئاللانىڭ غەزىۋى بىلەن زىمىنغا پالانغان ئادەم ئەلەيھىسسالامدەك، ھەر ۋاقىت ئاللادىن مېنى ئۆز جەننىتىمدىن ئايرىما دەپ تىلەۋاتقان بىر دۇئاچىمەن. سېنىڭ جەننەت قارىشىڭ بىلەن مەنىڭ جەننەت قارىشىم ئوخشمايدۇ. ئىلى باغلىرىدا، سەھرالىرىدا، ياشاۋاتقان بىر ئانىنى كاناداغا ئەكىلىپ ئەڭ ئەسىل مىھمانخانىلارد ياتقۇزساڭمۇ ئەمما، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر چىنە ئەتكەن چېيىنى بەرمىسەڭ ئۇ ئۆزىنى جەننەتتە ھىس قىلمايدۇ. بىر كانادالىقنى ۋەتەن باغلىرىدا بوستانلىقلىرىدا، قوي سويۇپ قانچە مىھمان قىلساڭمۇ ئەمما، ئۇنىڭ پىززا سىنى بەرمىسەڭ ئۇ ئۆزىنى جەننەتتە ھىس قىلمايدۇ. چەنلوڭخاندىن ئىبارەت بۇ سەلتەنەتلىك ئىمپىراتور ئوردىسىدىكى ئىپارخان غا نىسبەتەن ئۇ يەر جەننەت ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ماڭا يۇرتۇمنىڭ يوپۇرمىغى كۈمۈشرەڭ، مېۋىسى ئالتۇن رەڭ بولغان جىگدىسىنى كەلتۈر دەپ يىغلايتى. جەننەت ئىككى خىلدۇر، ماددى جەننەت ۋە مەنىۋى جەننەت. ماددى جەننىتىڭ بولۇپ مەنىۋى جەننىتىڭ بولمىسا سەن جەننەتتە بولمىغان بولىسەن

مەنىۋى جەننەت ياپىلاق تىلدا شاۋقۇن سۈرەنسىز جىمجىتلىق ۋە تىنىچلىق شۇنداقلا، ھۆر ئەركىنلىك دىمەكتۇر مەنىۋى جەننەتنى ماددى جەننەتسىز ئىزلەپ تاپالمايسەن. ماددى جەننەت دىمەك پۇل جەننىتى دىمەكتۇر. پۇل جەننىتى دىمەك كۈچ جەننىتى دىمەكتۇر. كۈچ جەننىتىڭنى بارلىقتا كەلتۈرمەي تۇرۇپ مەنىۋى جەننىتىڭنى بەرپا قىلالمايسەن. ئەگەر سېنىڭ ماددى جەننىتىڭ بولمىسا، مەنىۋى جەننىتىڭ ماددى جەننىتى يەنى كۈچ جەننىتى بارلار تەرىپىدىن دەسسەپ چەيلەڭەن، خارلانغان بولىدۇ. ماددى جەننەت يەنى كۈچ جەننىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ساڭا توساق ۋە توزاقلار كۆپ قۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ چاغدا ساڭا ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئۆز ئۆزەڭنى ساخلاپ قېلىش. بۇنداق چاغلاردا سەن يىراقلارغا كەت. ھەتتە ئۇ سېنىڭ ۋەتىنىڭ بولسىمۇ تاشلاپ يىراقلارغا كەت. ۋەتەندىن كەتكەنلىك كەچكەنلىك ئەمەس. قەدىر قىممىتىڭ دەپسەندە قىلىنغاندا تالانت ۋە ۋىجدانىڭ ئاياق ئاستى قىلىنغاندا، سەندىن ساپاسىز بىرى ساڭا باشلىق بولغاندا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئائىلە ۋە بالا

چاقىلىرىڭنى ئېلىپ دەرھال ئۈزاقلاش.ئەگەر ئۇنداق قىلمىغىنىڭدا كونا ئەخلەتخانىغا تاشلاپ قويۇلغان ھايۋاننىڭ باش سۆڭىكىنى قۇرۇت قوڭغۇزلار تاتىلاپ ئوينىغاندەك ئەھۋالغا دۇچار بولىسەن. ھەق سۆزلەيمەن ئادالەتنى ياقىلايمەن دەپ ئاۋارە بولما يېتەركى كەت بىر كۈنى يىراقلاردىن ھەق ئادالەتنى قۇچاغلاپ ئانا يۇرتۇڭغا قايتىسەن ئەگەر سەن كېلېلمىسەڭ بالاڭ نەۋرە چەۋرەڭ كېلىپ قۇتۇلدۇرىدۇ بۇ زىمىننى

شۇنداق غەرپ دۇنياسى رەھىمسىز دۇنيا ئەمما تەغدىرىڭنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چارە ئىزلەپ باق.مەن تەغدىرىمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىمخورتوننى تاللىدىم. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى مەن بۇ تىمخورتوندا تازىمۇ جىق تاۋلىنىدىغاندەك تۇرىمەن. يېتەركى تاۋلىناي پولات ئەلبەتتە تاۋلانغاچقا پولاتتۇر. تاغ ئۈستىدىكى قارىغاي سوغۇق ۋە بوران چاپقۇندا تاۋلانغاچقا مۇستەھكەم مەغرۇر ۋە مەزمۇتتۇر. شۇڭا ھەركىم تالىشار قارىغاينى مۇستەھكەم ئۆي سالماق ئۈچۈن.

كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ۋەتەڭە باققان ۋاختىمدا ياخشى مۇئاشلىق خاتىرجەم خىزمەت، ئوتتۇرھال قورۇ جاي ئاھ كۈلكە چاخچاققا لىق تولغان سورۇنلار، تەمبۇر دۇتتارلىق كوچا ناخشىلىرىڭ، ئېلى دەرياسىنىڭ نەرە تارتىشلىرى، تارىخ ۋە مەدىنيىتىڭنى چىڭ قۇچغلاپ، بىر بىرىگە گىرەلىشىپ ۋەتەن زىمىننى قوغداپ ياتقان مەھەللىلەر، يۇرت جامائەت،ھەر دائىم روھى دۇنيارىمنى غىدىغلىماقتا. مەن ۋەتەن زىمىنىدا خۇددى تورۇلۇپ- تورۇلۇپ قىرغاق ئانىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان، ئەركە دەڭىز دولقۇنى ئىدىم. ئاسماندا لەرزان پەرۋاز قىلىپ، گۈلدۈر- گۈلدۈر چاقماقلىرى بىلەن بارەۋەر قەيەرلەرگىدۇ يامغۇر سېپىنى قۇيۇۋېتىپ زىمىننى سەگىتىپ گۈل گىياھلارنى كۈلدۈرۈپ، يۈزلەرنى جىلۋىلەندۈرۈپ، ھەسەن ھۈسەنلەرنى پارلىتىۋەتىدىغان، كۆك ئەركىسى ئاق بۇلۇت ئىدىم گەرچە بۇلار مەنىڭ روھى دۇنيارىمنى ئۈزلۈكسىز غىدىغلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا تىمخورتوننىڭ ئاددى بىر ئىشچىسى بولۇشنى تاللىدىم

ئاھ ئانا ۋەتەن كەتكەنلىك كەچكەنلىك ئەمەس. مەن پەقەت تاللاشقا تېگىشلىك بىر يول بولسا كانادانى ۋە تىمخورتوننى تاللىدىم ئەمما ماڭا تېپىلغىنى قاچا يۇيۇش ئىشى ئىدى.

## 4 ـ بۆلۈم تىمخورتوندىن قوغلاندى بولۇش.

**تىمخورتوندىن قوغلاندى بولۇش.**

**2 يىلدىن كېيىن**

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، ھۆكۈمدارلار مەجبۇرى تاڭغان ئىسمىم مالىيامۇگۈلى ئابۇدۇرېخېمان. مەن كىم؟ دىگەن سوئالغا ئەگىشىپ كىملىگىمنى ئىزلەپ تېپىش نىيىتىدە كاناداغا كەلگەن بىر كۆچمەن مەن. مېنىڭ كىم ئىكەنلىگىمنى مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ماڭا بىر خىل تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆلارنىڭ كىملىك پەلسەپىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن مېنىڭ كىملىگىم ھەققىدە ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلاش، ئۆز-ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىگىمنى ياخشى بىلىۋېلىش ئۈچۈن مۇساپىرلىق يولىنى تاللىغان سەرگەردان يولۇچىمەن. يالغان كىملىك بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتسەم، ئۆزەمنى خۇددى چەغرادا تۇتۇلۇپ قالغان جىنايەتچىدەك ھىس قىلىمەن ئەلبەتتە. بەلكىم مېنىڭ كىملىك ئىزلەش يولىدىكى بۇ ھىجرىتىم ئىشقا ياراپمۇ قالار.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان،تىلى تۇرۇپ ئىشلىتەلمىگەن،ۋەتىنى تۇرۇپ ئەركىن ئازادە سۆيەلمىگەن، بايلىققا چىلىشىپ تۇرۇپ گاداي بولغان،ئانا زىمىنى تۇرۇپ ئۇنى قاتتىقراق دەسسىيەلمىگەن، يا تېلىقىپ كۆلەلمىگەن،يا ئۇن سېلىپ يىغلىيالمىغان يەكلەندى سۈرگۈنمەن. سۈرگۈن ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلىششى ياكى تۈگۈشى ئەمەس بەلكى،يېڭى روھنىڭ باشلىنىشى.سۈرگۈن يەڭى ئۈمۈت يوللىرىنىڭ ئاياققا ئېلىنىشى.سۈرگۈن،مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىنكى ئۇششاق ـ ئۇششاق جىرالارنىڭ مىدىراپ،ئۆستەڭ ۋە دەريا يوللىرىنى ئىزلىشى.سۈرگۈن بىر نەرسىنى بىلگەنلىگىڭنىڭ ھەم شۇنداقلا بىر نەرسىنى ئىزلەۋاتقانلىغىڭنىڭ بىشارىتى.سۈرگۈن دۇنيادىكى ئويغاق ئىنسانلارنىڭ قۇچاغلىششى،ھۆرلۈك شوئارىنىڭ تووۋلۇنۇشى،سۈرگۈن چۇقان دىمەكتۇر.سۈرگۈن مەنمۇ بار بۇ دۇنيادا دىمەكتۇر

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، ھەركەت جەھەتتە ۋەتىنىنى تەرك ئەتكەن ئەمما روھ قاتلىمىدا ۋەتىنىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەن ئۇنى باغرىغا چىڭ ـ ۋە چىڭ بېسىپ سۆيگەن مەجنۇنمەن.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، ئۆز شەھرى ئۆز ۋەتىنىگە پاتماي، بوخچىسىنى قۇچاغلاپ،ئۆزگە يۇرتقا كۆچ ئېتىشكە مەجبۇر بولغان ئاتا بوۋىلىرىمغا ئوخشاش، ئىككى بالامنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، ئاھ ۋەتەن- ۋەتەن دەپ يىغلىغانچە، ۋەتەندىن ئايرىلغان كىمسىز ۋە كىملىكسىز سەرگەردانمەن.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، غەرپ دىگەن بىر يەر باركەن، كىملىگىنى يۇتتۇرۇپ قويغانلارنىڭ كىملىگىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدىكەن، ھەق ۋە ئادالەت شۇ يەردىكەن دىگەن گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئەشۇ كىملىك تېپىشىپ بەرگۈچىلەرنىڭ دەۋلىتىگە چىرايىمنى ساماندەك سارغايتىپ، نامەرتنىڭ كۆۋرىگىدىن ئۆتكۈچە، مەرتنىڭ دىۋانىسى بولاي دەپ كەلگەن قەلەندەرمەن.

مەن كىملىگىمنى ئىزلەش سەپىرىگە چىقىپ كاناداغا كېلىپ توختىغىچە بولغان بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە، دۇنيادا كىملىك كۈرىشى بولۇۋاتقانلىغىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

كىم- كىم بولغان ئەمدى كىم بولىۋاتىدۇ.كەلەچەكتە كىم¬- كىم بولىدۇ. كىم شاخمات تاختىسىدا تۇرالايدۇ ۋە كىم شاخمات تاختىسىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ مانا بۇ كۈرەش .مەنمۇ بۇ كۈرەشنىڭ بىر ئۇچىدىن يەر ئالماقچى بولدۇم.

كىچىك ۋاخلىرىمدا مەھەللىلەردە بولىدىغان جىدەللەردە، مەن كىم سەن كىم دىگەن دىگەن گەپلەرنى كۆپ ئاڭلايتىم. ھازىر دۇنيانىڭ سىياسى سەھنىسىدە مەن كىم سەن كىم ئويىراسى ئويىنالماقتا.

ئەمما كىملىگىڭنى ئىزلىمەكچى بولساڭ، مەن كىم دەپ ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇشۇڭ،مېڭىشىڭ، بىر نەرسىلەر ئىزلىشىڭ ۋە بەدەل تۆلىشىڭ كېرەك.كىملىك رىقابىتى خۇددى بازار رىقابىتىگە ئوخشائايدۇ. كىملىك رىقابىتى بىزدەكلەر ئۈچۈن بەدەل تۆلەش رىقابىتى دىمەكتۇر.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، ئەقلىمنى تاپسام بىر دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئىچىدە تۇغۇلغانكەنمەن. ئەشۇ قازاننى چېقىپ تاشلاپ، يورۇق دۇنيانى تاپقان،چەگرا ۋە توساقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ بىپايان كەڭلىكتە ئەركىن نەپەس ئېلىشنى سىنىماقچى بولغان مۆرىتى كەلسە ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا سەكرەپ كەتكەن، ئۇزۇنغا سەكرەش ماھىرىمەن. يەنە ئۆز نۇۋىتىدە تەغدىر ۋە قىسمەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىگىزدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ھەممە نەرسىنى نۆلدىن باشلاشنى قارار قىلغان ئەخمەقمەن.

ھايات شۇنداق. ئۇنىڭدا مېنىڭ ئۈچۈن بەزىدە ئاخماق بەزىدە قاچقۇن، بەزىدە ئاجىز بەزىدە كۈچلۈك بولىسەن.

بۈگۈن تورونتودىكى بىر كورىيەلىك كاپىتالىست ئاچقان تىمخورتوندا ئىشلەۋاتقىنىمغا 3 ھەپتە بولغان ئىدى. بۇ مەنىڭ 3 ھەپتىلىك سىناق باسقۇچۇم بولۇپ بۈگۈن ئاخىرلىشىدۇ. مەن بۇ 3 ھەپتىدە ناھايىتى ياخشى ئىشلىدىم. ئەمدى ماڭا رەسمى ھەپتىسىگە 40 سائەتلىك ئىش بېرىدۇ دىگەن تامادا ھاياجان بىلەن ئىشقا باردىم. 5 سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن ئىشتىن چۈشەتتۇم.بىر خىزمەتدىشىم مېنى خوجايىنىنىڭ ساخلاپ تۇرۇۋاتقانلىغىنى ئېيتتى. مەن دەرھال خوجايىنىنىڭ يېنىغا كىردىم. خوجايىن ماڭا قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن ئۇدۇللا، بۈگۈن سېنى ئىشتىن توختۇتۇشنى قارار قىلدۇق چۈنكى تىمخورتوننىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسى بويىچە بىر ئىككى كوفى ئالغان خەرىدارنى بىر مىنۇتتا،ساندۇۋىچ ئالغان خېرىدارنى 3 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇزۇتۇشۇڭ كېرەك ئىدى،ئەمما سېنىڭ ئاددى بىر كوفى زاكاس ئېلىپ خېرىدارنى ئۇزۇتۇشقىچە بولغان جەريانىڭ پۈتۈنلەي 3 مىنۇتتىن چۈشمىگەن، مۇلازىمەت سۈرئىتىڭ بەك ئاستا سېنىڭدە سۈرئەت ئېشىشىنىڭ بولىدىغانلىغىغا كۆزىمىز يەتمىدى شۇڭا ئىشتىن چىقىرىشنى قارار قىلدۇق دىدى ۋە ماڭا ئىشقا كىرگەن كۈنۈمدىن ئېتىبارەن خىزمەت ئىشلەش ئەھۋالىمنى داۋاملىق كۆزۈتۈپ سىنغا ئېلىپ تۇرغان سىن ئالغۇ لىنتىسىنى قويۇپ بەردى.مەن خۇددى مۇز يەرلىپ كەتىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكىپ كەتتىم. خوجايىن بىلەن مۇئۇنازىرىلەشكىئىم بار ئىدى ئەمما ئۇنداق قىلالمىدىم. ھەي خەپ يەنىلا ئېڭىلىزچە دىدىم ئىچىمدە. خوجايىن ماۋۇ 3 ھەپتىلىك ئىش ھەقىڭ ماۋۇ 2 يۈز دوللار ساڭا قوشۇپ بەرىلدى. خاپا بولماي باشقا يەردىن ئىش تەپۋال دىدى.

b

مەن سۇسىز قالغان گۈل يوپۇرمىغىدەك سولاشقان ئىدىم.تورونتو كوچىلىرىدا قەدەملىرىمنى تەستە ئېلىپ كېتىۋاتقاچ يولدۇشۇمغا تېلىفۇن قىلىپ، تىمخورتوندىن قوغلاندى قىلىنغانلىغىمنى ئېيتتىم. يولدىشىم تېلىفۇندا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇلار سىلەرنى ھېلىمۇ كېچىكىپ قوغلاندى قىپتۇ مەن بولغان بولسام سىلەردەك مىس- مىس خوتۇننى ئەتىسلا قوغلاندى قىلىۋەتكەن بولاتتىم.دەرھال ئاپتۇۋۇزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىڭلار تىمخورتون جىدىلى ئەمدى توگىگەندۇ دىدى چاخچاق قىلىپ.

مەن ئاپتۇۋۇز بېكىتىنىڭ يېنىدىكى بىر خىلۋەت گۈللۈككە جايلاشقان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. بۇ دەل ياز مەزگىلى بولۇپ سائەت كەچ 7 لەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي ھاۋا شۇنداق ئىسسىق ئىدى.

مەن ئورۇندۇقتا ئەمدىلا ئولتۇرشۇمغا تېلىفۇنۇمغا ئۈچۈر كەلگەنلىك سىگنال بېرىلدى.تېلىفۇنۇمنى ئېچىپ ئۇچۇرلارنىڭ يىغىلىپ كەتكەنلىگىنى كۆردۈم ۋە بىرمۇ بىر ئاڭلاشقا باشلىدىم.

1- ئۇچۇردا ماڭا ئاكارديۇن بىلەن چېلىنغان تۆۋەندىكى ناخشا يوللانغان ئىدى.

كىردىمۇ چۈشلەرىڭگە،

ئۇچدەرۋاز كوچالارى.

ئەسلەرسەنمۇ بىزنى مەريەمگۈل.

تورونتودا يۈرگەنىڭدە............

ناخشىنىڭ ئارقىسدىن ئو............ھوي....ياشاپ كەت......ھە....... ھە دىگەن ئاۋازلار، ئاياللارنىڭ كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ۋەتەندىكى ساۋاقداشلىرىم 20 يىللىق ساۋاقداشلار ئۇچۇرشىشىدا ئولتۇرشۇپتۇ.

مەن ماڭا سوغا قىلىنغان ماڭا تونۇش ۋە مەن كۆپ ئەيتىدىغان بۇ سۆيۈملۈك ناخشىنى ئاڭلاپ باشلىرىمنى ئالقانلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئەلىپ بۆلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتىم. مەن ئاۋازىمنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتمەسلىگى ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىغى ئۈچۈن ئۆز ھاياجىنىمنى تەستە كونتورول قىلىۋاتماقتا ئىدىم.مەن تەلىفۇنىمغا قاراپ، ھەي خەق.......مەن تورونتودا ئىشتىن قوغلاندى بولۇپ يۈرەي سەن ھەق ئويناپ يۈرۈش ھە ......دىدىم. ئىچىمدە ئاچچىق بىر چىدىماسلىق، سېغىنىش ۋە مەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئىنسان تەبى'ئىتىدە بار بولغان بارلىق ئاجىزلىقلار ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.يۈزۈمدىكى بارلىق سۇ ئاقىدىغان جايلىرىمدىن خۇددى ماشىنا ئەينىگىگە قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر سۇيىدەك ياش ۋە باشقا نەرسىلەر ئاقماقتا ئىدى.مەن خۇددى ماشىنا ئەينىگىنى توختىماي سۈرتۈپمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان ئەينەك سۈرتكۈچتەك قوللۇرۇم،ياغلىقلىرىم ۋە قول قەغەزلىرى بىلەنمۇ سۈرتۈپ تۈگۈتەلمەيۋاتاتتىم. ۋاي- ۋۇي ئاياللارنىڭ يۈرىگىدە سۇ نىمە دىگەن جىق - ھە!!!!!

c

ئەي ئايال، يىغلا سەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن. يىغلاشتىن ھىچ قورقما ھەم قورۇنما.خالىساڭ ئاۋازىڭنى قويۇۋەتىپ، خالىساڭ پىنھان يىغلا.يىغلاشقا يەردىن تاكى بىپايان كۆكلەرگە قەدەر ھەققىڭ بار. يېتەركى يىھغلا، ئىچىڭدىكى سېنى بىئارام قىلىۋاتقان ئاچچىق زەرداپلار چىقىپ كەتىپ روھىڭ ۋە يۈرۈگۈڭ تەخىمۇ پاكىزلانسۇن.

سەندەك ئۆز دەردى ۋە غېمىدىن باشقا ۋەتىنى مىللىتى ۋە خەلقىنىڭ غەمىنى يەپ يۈرگەن بىر ئايال ھەر دائىم يىغلاپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى يىغا باشقا يەردىن ئەمەس بەلكى يۈرەكتىن كەلىدۇ. ئەگەر بىر ئايالنىڭ قەلبى يىغا ۋە ياشلارنى ئىسلەپچىقىرالمىسا دىمەككى ئۇ ئايال بىخوت ئايال دىمەكتۇر.

ئەي ئايال،يىغلاشتىن ھىچ قورقما ھەم قورۇنما.يىغلىغاندىن كېيىنكى ئايال،جەسۇر ۋە كۈچلۈك ئايالدۇر.ئەقىللىق ئاياللار، ئەقىللىقلىق بىلەن بەرگەن كۆپلىگەن قارارلىرىنى يىغىدىن كېيىن بەرگەن.نۇرغۇنلىغان ئەرلەر يىغلاۋاتقان ئايالغا بىزارلىق بىلەن يىغلىما- يىغلىما دەپ ۋاقىرسىمۇ،ئەمما يىغلاپ بولغاندىن كېيىنكى ئايالنى باغرىغا بېسىشنى ياخشى كۆرىدۇ.چۈنكى يىغلاپ بولغاندىن كەيىن ئايال شۇنچىلىك گۈزەل،شۇنچىلىك لاتاپەتلىك،شۇنچىلىك قەيسەر ۋە مەردانە بولۇپ كۆرۈنىدۇ دۇنياغا.

مەن يىغلاۋېتىپ ئاۋازىمنىڭ يۇقۇرى چىقىپ كەتكەنلىگىنى سەزمەپتىمەن.خانىم ئۆزىڭىز تېچلىقمۇ؟ ياردەمگە ئېھتىياجىڭىز بارمۇ دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.ئالدىمدا ئىككى ساقچى ئوفتسېرى تۇراتتى ماڭا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ. ياق - ياق مەن ياخشى، ياردەمگە ئېھتياجىم يوق.

ئەمما ئاۋازىڭىز يۇقۇرى چىقىپ كەتتى خانىم، ئەگەر ياردەمگە ئېھتياجىڭىز بولسا ئېيتىڭ خانىم، بىز سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايلى دىدى ساقچى ئەپەندىم ماڭا تولىمۇ مۇلايىم ۋە سىلىقلىق بىلەن.

ياق- ياق مەن ياخشى ئۆزەم كېتەلەيمەن. سەل چارچاپ قاپتىمەن بۇ يەردە بىر ئاز دەم ئالغۇم بار، ياردەمگە ئېھتياجىم يوق دىدىم مەن ساقچىغا.ساقچى ئۇنداقتا بوپتۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ خانىم، خەيرلىك ئاخشاملار دىدى ۋە كېتىپ قالدى.

مەن ساقچىنىڭ ئارقىسىدىن، ساڭ......ئىمۇ.....دىدىم قوپاللىق بىلەن ئىچىمدە غۇدۇراپ، بۇ تورونتو دىگەن ساراڭ شەھەردە ئاۋازىنى سەل چىڭ چىقىرىپ گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدۇ- يە دىدىم مەن يەنە غۇدۇراپ.

مەن تېلىفۇنۇمدىكى 2- ئۇچۇرنى ئاچتىم.

ئۇچۇر دوستۇم زەينەپتىن كەلگەن ئىدى. ئاداش 20 يىللىق ساۋاقداشلار ئۇچۇرشىشى قىلدۇق. سېنىڭ يوقلىغىڭ بەك بىلىندى ئاداش.بارغان يەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ۋىيەي، مەريەمگۈل بۇ يەرلەرنى ھەجەپ ياخشى كۆرەتتى دىدۇق.ئاكاردىيۇن چېلىنغاندا، سەنىڭ ھەلىقى بىزگە يەنى ئاياللارغىلا ئېيتىپ بېرىدىغان مەردانە جىرلىرىڭنى ئەسلىدۇق.ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمىزمۇ بۇ شەھەردە مەريەمگۈلدەك ۋالىسقا چىرايلىق پىقىرايدىغان ئايال يوق جۇمۇ دىيىشىپ ساڭا يۇقۇرى باھا بېرىشتى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قولۇم بىلەن ئاغزىمنى تۇتقانچە خۇددى كەپتەردەك بۇقۇلداپ قالدىم. ئازادە بىر يەرنى تەپىپ خاتىرجەم ھالدا ئۇزۇن- ئۇزۇن يىغلىۋالغۇم بار ئىدى.

**ھەي دۇنيا نىمە دىگەن تار ھە!!!!**

**ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس كىچەلمەس نەرسىلىرى بولىدۇ.مەن ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا بۇنداق ئولتۇرۇشلارنى مىنىڭ كىملىگىمنى ئۆز قولۇم بىلەن يوقۇتۇدىشۇمغا سەۋەپ بولۇۋاتقان ئاسىللار دەپ قارىغان ۋە بۇ بىر غەپلەت بۇنىڭدىن ئۆزەمنىمۇ ۋە ئەۋلاتلىرىمنىمۇ قۇتۇلدۇرۇشۇم كىرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم.ئەمما بۇ ئۆز نەرسىلىرىمدىن قىچىئىپمۇ قۇتۇلالماي تۇرۇۋىتىمەن.**

**مەن ئەسدەپ تۇرۇپ 3- ئۇچۇرنى ئاچتىم. بۇ كوللىكتىپ رەسىم بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقىغان ساۋاقداشلار ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتى ئىدى.**

**مەن 4- ئۇچۇرنى ئاچتىم. بۇ ئۇچۇر دوستۇم رەنادىن كەلگەن ئىدى. ئاداش قانداق ئەھۋالىڭ ياخشى تۇرۇۋاتامسەن. ساۋاقداشلار ئۇچۇرشۇشدا سىنىڭلا گەپىڭنى قىلىشتۇق . ئاداش سەنى ئىيغا 2 مىڭ دوللار مۇئاش ئالىدىكەن، 2 بالىسغا ھۆكۈمەت مىڭ دوللارغا يىقىن پۇل بەرىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق راسمۇ ئاداش، كانادا بالىنى تازا جىق تۇغىدىغان يەركەن جۇمۇ ئاداش ھا......ھا ......ھا.**

**مەن مىيغىمدا كۇلدۇم. سىنىڭ ماۋۇ قوغلاندىچىلىقلاردىن خەۋىرىڭ يوقتە دوستەك دىدىم مەن ئىچىمدە يەنە غۇدۇراپ.**

**مەن 5- ئۇچۇرنى ئاچتىم**

**ھەي.......مەريەك.........ھەي مەريەك. كاناداغا بىرىپ ھەممىسگە تەلفۇن قىپسەن. ماڭا بىر تىلىفۇن قىلپمۇ قويمۇدۇڭ......خەپ جۇمۇ مەريەك.بۇ كىچىگىمىزدىن بىر مەلىدە ئويناپ چوڭ بولغان، ھەم تام خوشنام ھەم باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم دىلشات ئىدى.ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھاراقنى جىق ئىچىۋالغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. ئارقىدىن يەنە ئەر ئايالالارنىڭ چاخچاق ۋە كۇلكىلىرى شۇنىڭدەك دىلشاتنىڭ خانىمىنىڭ، دىلشات بولدى قىلىڭ دىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپلا ئۈزۈلۈپ قالدى. بىلىنىپ تۇرۇپتىكى دىلشاتنىڭ سۆزلىرى كىسىۋەتىلىگەندەك قىلاتتى.**

**دىلشاتنىڭ ئۇچۇرى مىنى ئالتۇندەك ياشلىق چاغلىرىمىزغا باشلاپ كەتتى.**

**بىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالى مەكتەپكە كەتكەندە، ساۋاقدىشىم دىلشات سودا قىلىش ئۇچۈن گۇئاڭجۇ شاڭخەي قاتارلىق دىڭىز بويى شەھەرلىرىگە كەتكەن ئىدى.**

**مەن يازلىق تەتىلدە كەلگەن ۋاختىمدا. دىلشات بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ئۇچۇرشۇپ قالاتتۇق. قاچان كەلدىڭ مەريەمخان دەيتى ئۇ مەنى تەرىكتۇرۇپ.**

**ساراڭ تۇز گەپ قىل. مەنىڭ ئىسمىم مەريەمخان ئەمەس مەريەمگۇل بىلىپ قوي دەيتىم مەن تۇمشۇقلىرىمنى سوزۇپ زەردە بىلەن.**

**بىر كۇنى مەھەللىمىزدە بىر توي بولدى. ئۇ چاغلاردا ئۇزۇن ئۇزۇم باراڭلىق ھويلىلاردىن يەنە بىر مەھەللىلەردىكى ھويلىلارغا قىز كۆچۈرۈلەتتى.**

**ئەمدىلا ساز چىلىنىپ توي باشلىنىشى بىلەنلا دىلشات نىرىدىن ھەي مەريەمخان قوپە ۋالىس ئوينايمىز دىگەنچە ئالدىمغا كەلدى. مەريەمخان دىگەن گەپنى ئاڭلاپ توي ئەھلى پاراققىئىدە كۇلۇشتى. مەن لەيلىققازاق گۇلىدەك قىزارغان پىتى ئورنۇمدىن تۇردۇم.**

**ئىككىمىز ۋالىسقا پەقىرغاچ ئۇرۇۋشۇۋاتاتتۇق.**

**نىمىگە مەريەمخان دەيسەن؟؟؟؟؟؟؟**

**مەريەمخان بولغاندىن كىيىن مەريەمخان دىمەي نىمە دەيمەن؟؟؟؟؟**

**مىنىڭ دادام ئەزان ئەيتىپ قويغىھان ئىسمىم مەريەمگۇل بىلىپ قوي!!!!!!!!**

سەن قېرىغاندىمۇ ھەممە ئەدەم سەنى مەريەمگۈل دەپ چاقىرامدا؟؟؟؟؟ئۇ چاغىدا سەنى مەريەمخان دەيدۇ خەقلەر ماڭا ئۇخشاش. دەيتتى ئۇ باشلىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ سۆزلەپ.

ساراڭ.......دەيتىم مەن جىلى بىولۇپ.

مەريەمخان.........مەريەمخان دەيتى ئۇ ئېخىمۇ چىشمىغا تېگىپ.

مەن شۇ كۈنكى تويدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئىنتايىن خىجىل بولغان ئىدىم. شۇڭا كىچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى چۈشكە يېقىن دىلشات بازارغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىلشاتنىڭ ئاپىسى خۇرشىدەم ھاجىم بىلەن ئابلىكىم ھاجىم ئاكىمىزنىڭ ئالدىغا داۋاغا كىردىم.

ۋاي.....ۋاي.....داشۇسىڭ كىرىپ قاپتىغۇ، داشۇسىڭ دىدى مېنىڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن ئابلىكىم ھاجىم ئاكا ناھايىتى چىرايلىق نەقشلىنىپ سىپلىنغان پىشايۋانلىق ئۆيلىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاچ. ھۇرشىدەم ھوي ھۇرشىدەم، مەريەمگۈل كىردى مەريەمگۈل.

ھوي.........مەريەمگۈلل قىزىم كەلىڭ كەلىڭ، قانداق رىسالەتخان ئابدۇراخمان ئەپەندىلەر تېچلىقمۇ؟ جۇرۇڭ قىزىم ئۆيگە كىرەيلى.دىدى ھۇرشىدەم ھاجىممۇ مەن بىلەن تېچلىق ئامانلىق سورۇشۇپ.

رەخمەت سالقىنراق مۇشۇ چايخاندا ئولتۇرايلى، دىدىم مەن قورۇنغان ھالدا.

مەن دىلشاتنىڭ مېنى مەريەمخان دەپ چاقىرىپ چىشمىغا تېگىدىغانلىغى،نۇرغۇن ئادەم چاقىرىلغان تويدىمۇ مېنى مەريەمخان دەپ چاقىرىپ، ھەممە ئادەمنى كۈلدۇرۇۋەتكەنلىگىنى، بۇندىن كېيىن مەريەمخان دىيشنى توختۇتۇپ مەريەمگۈل دىيىشى كېرەكلىگىنى، ۋە ئۇلارنىڭ دىلشاتقا گەپ قىلىپ قويۇيۇشى كېرەكلىگىنى ئۇتۇنۇپ كىرگەنلىگىمنى بىرمۇ بىر ئاڭلاتقان ئىدىم.

ئاللا ـ ئاللا ما بالىنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى، ھەرگىز كۆڭلۈڭىزگە ئالماڭ قىزىم، بىز دادىسى ئىككىمىز ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلايلى دىدى ھۇرشىدەم ھاجىم. ئابلىكىم ھاجىممۇ ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن، مەن بۇ بەغەرەزگە تازا ئوبدان گەپ قىلىمەن بۇندىن كېيىن سىزنى ھەرگىز مەريەمخان دىمەيدۇ. دىگەن ئىدى.

خىياللىرىم شۇ يەرگە كەلگەندە يۈزلىرىمنى سومكامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،خىقراپ كۈلۈشكە باشلىدىم. يۇقۇرىدىكى يىغلىرىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئىچ ئىچىمدىن بىر شەيتان كۈلكىسى كەلمەكتە ئىدى. ھەي توۋا ئاتا ئانىسىنىڭ ئالدىغا داۋاغا كىرىپمۇ ئۇنى مەريەمگۈل دىگۈزەلمىگەن ئىدىم.

ئەي بالىلىق، ئەي ياشلىق نىمە دىگەن بىغۇبار نىمە دىگەن پاك چاغلار ھە!!!!!

تورونتو كوچىلىرى رەتلىك، پاكىز ۋە تىپ تىنىچ. يا ماشىنىلارنىڭ سىغنال بەرگىنىنى،يا ئادەملەرنىڭ يۇقۇرى ئاۋازدا سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىمايسەن. كىشلەر بىر بىرىگە ئىنتايىن سىلىق ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەر ۋاقت ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە قىلىۋاتقان، مەرھەمەت، كەچۈرۈڭ، رەخمەت دىگەن يەقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلايسەن. ئەمما مەن ھەر ۋاقت ئۆزەم تورونتودا بولسامۇ خىياللىرىم شاۋقۇن سۈرەنگە لىق تولغان ئەشۇ كىچىككىنە خىلۋەت شەھرىم ۋە مەھەللەم بىلەن ياشاپ كەلدىم.ئاغچەيلەم، كىقىرىشماق، ئاتالانغۇچ ئويۇنلىرى،سىركايىلارنى دوم كۆمتورۇپ قاپ قارا ئوسمىلارنى چىك سىقىپ قاشلىرىمىزغا قويۇشلىرىمىزدىن تارتىپ، ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ۋە سۆيۈملۈك ئەسلىمە ئىدى.

مەن ئۆيگە قايتىشنى ئويلۇدۇم، ياز كۈنلىرى كەچ سائەت 8 بولۇپ قالغىنىغا قارىماي،تورونتودىكى سودا مەركەزلىرى ئادەم بىلەن لىق تولغان ئىدى. ماشنا توختۇتۇش مەيدانلىرى ماشنا بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن ئىدى.تورونتولۇقلار باي ۋە غەمسىز. چوڭ ـ چوڭ سودا سارايلىرى ۋە يىمەك ئىچمەك سارايلىرىدىن ھەر كۈنى ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلار لىق تولدۇرۇلغان مال سەتۇۋەلىش ھارۋىلىرىنى غەمسىز سۆرىشىپ، ماشىنىلىرىنىڭ ئارقىسىنى نەرسە كېرەككە لىق تولدۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ.

مەنمۇ يىغا ۋە كۈلكە بىلەن يۇغۇرلۇپ كەتكەن بۈگۈنكى بۇ كۆڭۈلسىز كۈنۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ،ئۆيۈمگە قايتماقچى بولۇپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاپتۇۋۇز بېكىتىگە كەلدىم ۋە ئاپتۇۋۇزغا چىقىپ ئورنۇمنى تېپىپ ئولتۇردۇم.

دوسلۇرۇم ئەۋەتكەن ئاكاردىيون بىلەن چېلىنغان ھەلىقى ناخشا كاللامدا تەكرارلانماقتا ئىدى.

ئەسلەرسەنمۇ بىزنى 1مەريەمگۈل

تورونتودا يۇرگەنىڭدە.

مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تۇرۇپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرىدىم ۋە قانداقتۇر بىر بەخت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئەللەيلەندىم.

مەن ئۆيۈمنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ كىرگىنىمدە قىزىم ۋەتەنگۈل بىلەن ئوغلۇم تۇرپاقجان، ئاپا بىز سەندىن بەك ئەنسىردۇق مانداق ئۇزۇن يوقاپ كەتسەن دىگەنچە يۈگرۈپ كېلىشىپ بوينۇمغا ئەسلىشتى. يولدۇشۇم خۇددى بىر نەرسىگە كۈلگىسى كەلىپ كەتكەندەك بىر قىياپەتتە تۇراتتى. ھەقچان مەنى ئىمخورتوندىن قوغلاندى قىلىۋەتىپتۇ دەپ كۈلگىسى كەلىپ كەتىۋاتقاندۇ دەپ ئويلۇدۇم ئىچىمدە.

ئەي ئائىلە ......مۇساپىرچىلىقتىكى ۋەتەننىڭ كىچىكلىتىلگەن مودىلى.ئۆي ئىچىدىن ئاچچىق قىزىلمۇچ بىلەن پىدىگەن قورۇمىسىنىڭ مىزىلىك پۇرۇغى كېلىۋاتاتتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى يولدۇشۇم مېنى ئىمخورتوندىن قوغلاندى بوپ كەتىپتۇ بۇ دەپ، مەن ياخشى كۆرىدىغان پىدىگەن لازا قورۇمىسى بىلەن لەڭمەن ئەتىپتۇ.

ئۆي ئىچى مەن ھىچقاچان تەسەۋۋۇر قىلئىپ باقمىغان دەرىجىدە پاكىز تازلانغان بولۇپ، ئاياقلار ئاياق قويىدىغان ئىشكاپقا رەتلىك تىزىلغان، چاپان ۋە سومكىلار كىيىم ئاسقۇچقا ئەسلىغان ئىدى. ئۆي ئىچىدە ھىچقانداق قالايمىقان بىر نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

مېھمانخانا ئۆيگە قويۇلغان شىرە ئۇستىدە، ناھايىتىمۇ يوغان بىر ئەينەك گۈل پىڭدا، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سېرىق ئەتتىر گۈلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەڭگا رەڭ ئەتتىر گۇللەر لىق تولۇپ تۇراتتى. ۋاي ۋۆي نىمانداق چىرايلىق گۈللەر بۇ كىم ئەكەلدى بۇ گۈللەرنى؟ كىم ئەكەلگەن بولسا ئۇنىڭدىن ئاللا رازى بولسۇن دىدىم مەن گۈزەل گۈللەرنى قانماي پۇراپ تۇرۇپ. ئاپا دادام سەنى سەرىق ئەتتىرگۈلنى بەك ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئەكەلدى بۇ گۈللەرنى دىدى ئوغلۇم تۇرپاقجان.ھە شۇنداقمۇ؟ مەن يولدۇشۇمغا قارىدىم. ئۇ شۇنداق مەريەمگۈل مەن ئەكەلگەن، مەن گۈل ئەكەلسەم بولمامدىكەن،نىمانداق ھەيرانلىق بىلەن قارايسىلەر ئادەمگە دىدى ئۇ يۇمۇرلۇق ھالەتتە. بۇ چاغدا خىياللىرىم يولدۇشۇم ئىككىمىزنىئىڭ گۈل ئۇچۇن كۆپ قېتىم تاكاللىشىپ قالغان كۈنلىرىمىزگە كەچتى.

يەكشەنبە كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم. ماڭا سەرىق يەنە كەلىپ تۇخۇم سەرىغى ئەتتىر گۈل سوغا قىلغان بولسىڭىز بوپتىكەن.

ھە شۇنداقمۇ؟ تۇغۇلغان كۈنۈڭلارغا ئۆزەڭلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىئغان سەرىق ئەتتىر گۈلدىن ئۆزەڭلار خالىغىنىچە تاللاپ بىر قۇچاق سېتىۋېلىڭلار، مانا پۇل دەپ ئۇستەل ئۇستىگە پۇلنى قويۇپ قوياتتى يولدۇشۇم.

ياق !!!ئۆزەڭلار بازاردىن سېتىۋېلىپ، تۇغۇلغان كۈنۈڭلارغا مۇبارەك بولسۇن دەپ تۇرك ئەرلىرىدەك ئالدىمدا تۇرۇپ باققان بولساڭلار. دەيتىم مەن ئۇنىڭدىن رەنجىپ.

ھە..........مەن مۇشۇ...........مۇشۇ......... گۈللەرنى ئاياللارغا ئىگىلىپ تۇرۇپ سوغا قىلىدىغان ئىشلارنى تازا ياخشى بەجىرەلمەيدىكەنمەن.......دەيتى ئۇ تەسلىكتە چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ئاياللارغىمۇ؟ ئاياللارغا ئەمەس، ئايالىمغا دەڭ مانداق دەپ تۈزۈتۈش بېرەتتىم مەن ئاچچىغلانغان ھالەتتە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ھە.....توغرا.............. توغرا ئايالىمغا.....ئايالىمغا، ئاياللارغا ئەمەس ........مەن .......مەن مۇشۇنداق نازۇك ئىشلارنى تازا بەجىرەلمەيدىغان بىر ئەركەنمەن. مەنىڭ بارىم مۇشۇ ........ھە...... مەنى سۆيسەڭلا مەنىڭ مۇشۇ ھالىم بىلەن سۆيگەن بولساڭلار. دەيتى ئۇ يۇمۇرلۇق ھالەتتە.

مەن سىزدىن قىممەت باھالىق بىر ئالتۇن زەنگىر تەلەپ قىلمايۋاتىمەنغۇ، ناھايىتى كەتسە بىر دەستە گۈل تەلەپ قىلىۋاتقىنىم.........

ئەگەر تۇغۇلغان كۈنۈڭلارھغا ئالتۇن زەنجىر ئالغىڭلار بولسا، ئۇنىمۇ ئەلىڭلار مانا پۇل، خالىغىنىڭلارنى ئەلىپ ئاشقان پۇلنى ياندۇرۇپ كەلىڭلار.دەيتى ئۇ پۇلنى ماڭا ئۇزۇتۇپ.

قانداق گەپكەن ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئۆزى سوغا ئالدىغان.سىز بىللە چىقىپ ئېلىپ، ئاندىن چاچلىرىمنى قايرىپ تۇرۇپ بوينۇمغا ئېسىپ قويىسىز.

ياق .....ياق......ياق مەنى ئۇنداق قىينىماڭلار، قانچىلىك قىممەتنى ئالساڭلار ئېلىڭلاركى ئەمما مېنى ئېسىپ قويۇڭلار دىگەن گەپنى ھەرگىز قىلىپ قالماڭلار، مەن مۇشۇ ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ بويىنىغا زەنجىر ئەسىپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز......ھەرگىزمۇ بەجىرەلمەيمەن......يولدۇشۇم خۇددى ھازىرلا بىر ئادەم ئۇنى ئالتۇن زەنجىر ئېسىپ قويۇشقا قىستاۋاتقاندەك جىددى قىياپەتتە نارازىلىق بىلدۇرمەكتە ئىدى.

ئاياللارغا ئەمەس......ئايالىمغا دەڭ. دەيتىم مەن تۇزۇتۇش بېرىپ.

ھە........ھە.....ھە ئايالىمغا . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن زەنجىرلەر سىلىق ۋە نازۇك بولغاندىن كېيىن،مېنىڭ بۇ ئامبۇر، كۈلۈچ، بولقا، كېسەك لاي دىگەنىسدەك نەرسىلەرنى كۆپ تۇتقان قوپال قولۇلۇرۇمدا ئۇ نازۇك نەرسىنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئاچماقمۇ بىر مۇشكۇل ئىشتە.

ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق باسقاندىن كەيىن ئۇ يەنە: ئەمما مەن......... بۇنداق ئاياللارنىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان سوغا سالام ئىشلىرىنى ياخشى بېجىرەلمىگەن بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ كۆڭلى يۇمشاق، ئەڭ مىھرىبان ئەر جۇمۇ دەيتتى چاچلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپ يۇمۇرلۇق قىياپەتتە. ئۇ ئۆزىنى سۆپەتلىگەن سۆزلەرنى يىمىرىپ تۇرۇپ باشقىچە ئۇرغۇلۇق ئالاتتى.

مەن يەنە ئۇنىڭغا داۋاملىق تۇزۇتۇش بەرىپ، ئاياللارنى ئەمەس .....ئايالىمنى دەيتتىم.

قەنى شىرەگە كەلىڭلار. يولدۇشۇمنىڭ مەنى شىرەگە تەكلىپ قىلىشى خىياللىرىمن بۇزۇۋەتتى.

مەن سىلەرنى بۈگۈن ئۆز قولۇم بىلەن،بىر قوللۇق مىھمان قىلىپ قويايچ جۇمۇ.يولدۇشۇم سۆزلىگەچ تەخسىگە لەڭمەننى سېلىشقا باشلىدى.

مەن شىرەگە كېلىپ ئولتۇردۇم. يولدۇشۇم مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پىدىگەن لازا قورۇمىسى ۋە كەرەپشە ياڭيۇ قورۇمىسىدىن ئىبارەت 2 خىل قورۇما قورۇپ لەڭمەن ئەتكەن ئىكەن. مەن بەخت قوينىدا ئەﷲيلەنمەكتە ئىدىم. مەن ھەر ۋاقت تاماق ئەتىپ شىرەگە كەلىڭلار دىگۈچى ئىدىم. ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن باشقىلارنىڭ قولىدىن تاماق يەپ باقمىغىلى. مەن ھەر ۋاقت ئائىلەم ئۇچۇن تاماق ئەتكۈچى بولۇپ كەلگەن ئىدىم. شۇڭا يولدۇشۇمنىڭ بۈگۈنكى بۇ لەڭمىنى ماڭا پۈتمەس تۈگمەس بىر بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلغان ئىدى.

يولدۇشۇم لەڭمەننى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شەكىلدە ئىنتايىن تۇز ۋە ئىنچىكە تارتقان ئىدى.

بۇ ھالەت مەنى كەچمىشتە، يولدۇشۇم ئىككىمىز بىلەن بولغان دىئالوگلارغا باشلاپ كەتتى..

ئا......مەريەمگۇل لەڭمەننى بەك ئۇنداق ئىنچىكە سوزمىغىنە.........لەڭمەن دىگەننى تومـ توم تارتىپ چىڭ- چىڭ چاينىاپ لەززەتلىنىپ يەيدىغان نەرسە ئۇ......بۇنداق ئىنچىكە تارتساڭلار يۇتقىچە غالىنىڭ غىدىغى كەلىپ كەتمەمدۇ دەيتى ئۇ يۇزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

قېنى- قېنى ئاسلا ئالدىمغا قويۇلغان،ئىنچىكە سوزۇلغان مىزىلىك لەغمەن خىياللىرىمنى بۆلىۋەتتى.

بىر ئايال كىشى ئۇچۇن يولدىشى ئېتىپ بەرگەن لەڭمەننى يىيىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك. مەن بەخت بۆشىگىدە ئەﷲيلەنمەكتە ئىدىم. ئىچىمدە تىمخورتوندىن قوغلاندى بولغىنىممۇ ياخشى بولدىمۇ نىمە دەپ ئويلايتىم.

ئەي.........ئايال...........كونىلار ئاياللار ئۆشكە يىغى بىردەمدە ئېرىپ كېتىدۇ،ئاياللار ياخشى گەپنىڭ قۇلى دىيىشىدۇ.يولدىشىمۇ مېنى بىر لەغمەن بىلەن ئېرىتىۋالغان ئىدى.مەن لەڭمەننى لەززەتلىنىپ يىگەچ، ئەسلىدە يولدۇشۇم

مەن ياخشى كۆرگەن ھەممە نەرسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى بىر ئەركەن، ئەمما مەن ئۆنى ئورۇنسىز ئەيىپلەپ يۈرۈپتىمەن دەپ ھەممە گۇنانى ئۆز- ئۆزەمگە ئاللىقاچان ئېلىپ بولدۇم.

مانا مەنتەك، مەنتەك ئىچمەي لەڭمەن يىدىم دىمىگۈلۈك دەيتىڭلار، يولدۇشۇم سۆزلىگەچ بىر تەخسە مەنتەڭنى ئالدىمغا قويدى.

بەخت نىمە دىگەن تاتلىق نەرسە - ھە!!!! شۇ مىنۇتلاردىكى بەخت تۇيغۇسىدىن كۆزلىرىم چاقناپ،سۇغۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر تەشتەك گۈلدەك جىلۋە قىلماقتا ئىدىم.

مەنتەڭنىمۇ ئىچىپ بولدۇم. يولدۇشۇم بىر ھازا خوش..........خوش دىگەنچە قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، چەچىنى يۇقۇرى تەرەپتىن پىشانىسى تەرەپكە قارىتىپ سىلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ داۋاملىق جىددى بىر مەسىلىلەردە جىددى قارارلارنى ئالغان ۋاقتىدا شۇنداق قىلاتتى.

مەن ھە..........مەنتەڭنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئويلىمىغان يەردىن خوش قىلىۋېتىش باركەندە ............تايىنلىق بىر تۈرك باكلاۋاسى كەلىدۇ ھەقىچان دىگەن تاما بىلەن،بەخت بۆشۈگۈدە ئەﷲيلەنمەكتە ئىدىم.

ۋەتەڭۈل،تۇپراقجان بۇياققا چىقىڭلار، دەيدىغان گەپ بار. يولدۇشۇم بالىلارنى چاقىرغاچ تەلۋىزور ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان قارامتۇل يېشىل مەھمەل ئۇيغۇر دوپپىسىنى بەشغا كىيدى.

قىزىم بىلەن ئوغلۇممۇ شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى.ئارنى بىرنەچچە سىكۇنۇتلۇق سۈكۈنات قاپلىدى.يولدۇشۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ بىر نەرسە ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتاتتى.

يۈرۈگۈم قارتىندە قىلىپ قالدى.ئىچكى ھىسسىياتلىرىم قاتتىق بىر توقۇنۇشتا بولۇپ نىمە بولارنى ئاڭقىرالمايۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا يولدۇشۇم جىددى بىر قىياپەتتە ئاغزىنى ئاچتى.

مەريەمگۈل..............دادىمىز ئابدۇراخمان ھاجىم، ۋەتەندە قازا قىلىپ كېتىپتۇ.مەن بىر خەتمە قۇرئان قىلىۋېتەي. يولدۇشۇم شۇ گەپنى قىلدىدە خەتمە قۇرئانىنى باشلاپ كەتتى.

چىرايىم ئاقلىۋەتكەن كەرەپشىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى.2- قېتىم مۇز يېرىلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكتىم. يۇقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولدا،قاتتىق يامغۇردا قالغان يېڭى شوپۇردەك تىترىدىم. روھلىرىم دەرەخ غولىدىن ئايرىلغان،كەچكۈزدىكى سەرسان يوپۇرماقلاردەك تىنەپ تەمتىرىمەكتە ئىدى. نەپەسلىرىم بوغۇلۇپ، مۆلدۈر سوققان قىزىلگۈلدەك خاراپ ھالەتكە چۈشتۇم.

ئىچكى دۇنيارىم، تۇيۇقسىز كەلگەن بىر سۇنامى ئاپىتىدىن كەيىن ۋەيران بولغان دەڭىز ساھىلىدەك پارام- پارچە ئىدى.

خەتمە قۇرئان تۈگىدى. مەن نەپەس ئېلىشقا بىر ساپ ھاۋاغا ئېھتىياجلىق ئىدىم. مەن ئاران دىگەندە بالكوننىڭ ئىشىگىنى ئاچتىمدە- ئۆزۈمنى بالكونغا ئاتتىم.

يېڭى كۆچۈپ چىققان، 21- قەۋەتتىكى ئۆيىمىزنىڭ بالكۇنىدىن يىراققا نەزەر سالغىنىمدا، بىپايان گۈزەل شەھەر تورونتو كېچىسى كۆز قاماشتۇرۇپ سوزۇلۇپ ياتماقتا. مەن يىراقلارغا نەزەر سېلىپ مەن تۇغۇلغان ئەشۇ دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان كىچىككىنە قازان شەھەرنى ئىزلىدىم. كۆزلىرىمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى يەتمىدى كۆرەلمىدىم.كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم خىياللىرىم ۋە روھلۇرۇم ئۇزاقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. بۇ قازاننى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان چۇقان سۈرەنلەر، ھۆررا سادالىرى،ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە قولدىن قولغا ئېلىنىپ، زەرەتكالىققا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان دادام رەخمەتلىكنىڭ تاۋۇتى.............مەن ئاستا ئۆز ئۆزەمگە شۈبرلىدىم. خەلقىم ئامان بولسۇن. خەلقىم ئۆلمىسۇن.

خۇددى مىڭەمدە ساخلىنىپ قالغان كونا ئۇچۇرلارنىڭ ئۇۋۇسى چۇۋۇلغاندەك، دادام بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۆلۈم، ۋەتەن ۋە مىللەت ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىم كۆڭۈل غەزنەمگە باشقىدىن يەرلەشمەكتە ئىدى.ھايات ئېرىشمەك ۋە يوقاتماق دىمەكتۇر. مەن كانادا تۇپراقلىرىغا ۋە كانادا ۋەتەنداشلىقىغا ئېرىشكىنىم بىلەن يەنە بىرلا ۋاقتتا، ھاياتىمدا زۆرۈر بولغان يېقىن ئادەملىرىمنى يوقۇتۇپ ماڭماقتا ئىدىم.

## 5- بۆلۈم

تىمخورتون بارلىق كانادادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كانادالىقلار ئۈچۈن، تولىمۇ ئاددىي ۋە كۆڭۈللۈك بىر ئىش ئورنى . ئۇلارنىڭ تىمخوروتوندىن ئالىدىغان تەسىراتلىرى بەكلا ئاددىي ۋە ئوخشاش ئەمما ماڭا ئوخشاش يېڭى كەلدى كۆچمەنلەر ئۈچۈن، تىمخورتون ئوخشىمايدىغان ئاچچىق- ئاچچىق تەجرىبىلەر بەرگەن بىر ئورۇن. خۇددى پايپاسلاپ كېتىۋاتقان بىر تال يوغان چۈمۈلىنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە بىر دەرەخ شېخىنى تاشلاپ قويغاندا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشنى تاماشا قىلغاندەك.

كانادادا بارلىق سىياسىغا چېتىلىپ قالمىغان ئۇيغۇرلار ئىنتايىن بەختلىك. ئەمما سىياسى بىلەن چېتىلىپ قالغان ھەممە ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە خاس بەختسىز كەچمىشلىرى بار. ئالدى بىلەن ئۇلار ۋەتەنگە بارالمايدۇ. شۇڭا كانادادا ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار گەپ سۆز ھەركەتتە، رەسىمگە چۈشۈش ۋە ۋىدىئولارغا چىقىشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىدۇ ھەتتا سىياسىغا ئارلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ. كانادادا ئۇيغۇر ئالىملىرى، زىيالىلىرى شۇنداقلا ۋەتەننى ھەر خىل يوللار بىلەن تەرك ئەتكەن ئۇيغۇر بايلىرى بىر قەدەر كۆپ دەۋلەت ئەمما، ئۇلار نەقەدەر ئۆزىنى تەمكىن ۋە خاتىرجەم كۆرسۈتۈشكە تىرىشسىمۇ ئىچكى ھەسسىياتلىرى جەھەتتە سىياسىدىن ئىبارەت بۇ سايىدىن قېچىش روھىيىتىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىش سىياسىغا ئارلىشىپ قالغانلىق. ئۇلار قانداقتۇ ئىنگىلىزچە تەپەككۇر قىلىپ ئىنگىلىز ئۇسلۇبىدا ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ئىنگىلىزلارنىڭ ھەق ئادالەتنى ياقلايدىغان شۇنداقلا ئۆز كومۇنتىسى يەنى جامائىتىنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللايدىغان روھىنى كۆرمەسكە سېلىپ كېلىگىلىك ۋە ياكى تېخىچە ئۆگىنىپ بولالمىدى.

مەن بىر سىياسى ئايالمەن.يەنى ئۇيغۇرچە ئېيتقاندا شۇنداق. مەن سىياسى بىر ئايال بولماسلىق ئۈچۈن كۆپ تىرىشىپ باقتىم ئەمما بولالمىدىم. مەن ئۆز ئۆزەمگە بۇ ئايدىن بۇ يىلدىن ۋە ياكى باش باھاردىن باشلاپ سىياسى گەپلەرنى ئاز قىلىدىغان بىر ئايال بولىمەن دەپ، كۆپ ۋەدىلەر بەردىم.سورۇنلاردا باشقا ئاياللارنى دوراپ، ئېرىم ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلايزۈك زەنجىر شۇنىڭدەك، كوئاچ، مايكىل كورل قاتارلىق داڭلىق ماركىلىق سومكىلار ھەم سائەتلەر ھەققىدە گەپلەرنى قىلىش ھەققىدە ئۆز- ئۆزەمگە ۋەدە بەرگەن بولساممۇ، ئەمما ئوخشاشلا پوسرۇققىدە قىلىپ سىياسى گەپلەرنى چىقىرىپ قويۇپ قايناپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغلاردا، قىزغىن پاراڭلار سىلىشىۋاتقان ئاياللار سورۇنى خۇددى قايناۋاتقان سۈيقاشقا بىر چۆمۈچ سوغاق سۇ قۇيغاندەك سوۋۇپ كېتەتتى.

مەن سىياسىدىن قېچىش ئۈچۈن، تىمخورتوندا ئىشلىگەن ئايال نامىلىق بۇ پوۋستنى سىياسى ئىبارىلەر ئارلاشمىغان ھالەتتە يېزىپ ۋەتەندىكى تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىش ۋە بۇ ئەسىرىمنى خەلقىمگە سۇنۇش نىيىتىدە تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن يازدىم. ئەسىرىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا ھېچقانداق سىياسى ئىبارىلەر يوق دەپ ئويلايتتىم. ئەمما ۋەتەندىكى نوپۇزلۇق تور بەتلىرىدىن ئالغان تاتسىز جاۋاپلار مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار ھۆش كاللامنى يىغىۋېلىشىمنىڭ كېرەكلىكىنى، ئەسىرىمدە بۆلگۈنچىلىك ۋە قۇتراتقۇلۇق شۇنداقلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇدىغان گەپ سۆزلەرنىڭ تولۇپ تۇرغانلىقىنى، مەندەكلەرنىڭ كاساپىتىدىن ۋەتەندە چىقىۋاتقان نۇرغۇنلىغان تور بەتلىرىنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مېنى تويغۇزۇپ قويغان ئىدى. دىمەككى سۇ ئاستىغا چۈككەن ئادەمنىڭ سۇنىڭ سوغۇقلىقىنى ھىس قىلمىغىنىدەك مەنمۇ ئۆزەمنىڭ سىياسىغا قانچىلىك دەرىجىدە چىلىشىپ كەتكەنلىگىمنى ئۆزەم ھىس قىلالمىغان ئوخشايمەن. خۇددى سىركىگە چىلىغان كۆك پەمىدۇردەك.

ئۇنداقتا مەن قاچاندىن باشلاپ سىياسىلىشىپ كەتتىم؟

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن سىز ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا ۋە كۆللەرگە تاش ئېتىپ باققانمۇ؟

بىر تال تاشنىڭ ئۆزىگە ئېتىلغىنى بىلەن دەريانىڭ ئەمەس بەلكى ئېرىقنىڭمۇ پەرۋايى پەلەك، تاشنى قوينىغا ئېلىپ، ئېقىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ تارخلارنى تارخلارغا، ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلاپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما كۆلدە ئۇنداق ئەمەس. بىر تال تاشنىڭ ئېتىلىشى بىلەن كۆلدە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. كۆلگە ئېتىلغان بىر تال تاش بىلەن، كۆل تېگى تەكتىدىن قوچۇلۇپ

كېتىدۇ كۆل يۈزىدە توختىماي چەمبىرەكلەر ھاسىل بولىدۇ. كۆل بويىدا كۆلدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا ئىختىيارسىز ۋاھ......... ناھايىتى بىر تال تاش ھەجەپ قوچۇۋەتتى كۆلنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى دەپ ھەيران قالىسىز.

ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تاكى خىزمەتكە چىققانغا قەدەر ئۆزۈمدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىمايدىغان، گۇئاڭجۇ شاڭخەيلەردە تىجارەت قىلىدىغان ئاكىلىرىم ئەكىلىپ بەرگەن كىيىملەرنى كىيىپ ئەتىرلەرنى چېچىپ، ۋاختىمنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ياسىنىش بىلەن ئۆتكىزىدىغان ئەكە نايناق بىر قىز ئىدىم. مۇئاشىمغا ئالى دەرىجىلىك چوكولات،كەمپۈت، پەشمەت تاڭگا، ئىشقىلىپ يەيدىغانلا نەرسە بولسا ئېلىپ يەپ غەمسىز كۈن ئۆتكۈزەتتىم.

مەريەمگۈل، بۈگۈن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت يىغىنى ئېچىلىدۇ. سىز بېرىپ خەۋىرىنى يېزىپ كېلىڭ دىدى باش تەھرىرىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ. بولىدۇ دىدىم مەن خوشاللىق بىلەن.

چۈنكى بۇنداق يىغىنلار ھەققىدە خەۋەر يازماق ناھايىتى ئاددى ئىدى. يەنە كېلىپ ئېچىلىش مۇراسىمى، ئوتتۇردىكى مۇزاكىرە ۋە يېپىلىش مۇراسىمى خەۋەرلىرىدىن باشقا، ھەرقايسى ناھىيە شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى دوكلاتى قاتارلىقلار قوشۇلۇپ بىر ئايلىق خەۋەر يېزىش ۋەزىپەمنى بىر ھەپتىدە تۈگۈتۈپ ئارام خۇدا كەمپۈت چوكولاتلىرىمنى يەپ، لەلەڭشىپ ئىشقا كېلىپ لەلەڭشىپ كېتىپ دىگەندەك كۈن ئۆتكۈزەتتىم. شۇنداق قىلىپ شۇ ئايدا مەن پۈتۈنلەي پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە خەۋەر يازدىم.

قىشنىڭ ئاپپاق قار قاپلىغان، قىش ئاپتىۋى پاقىراپ تۇرۇپ ئادەملەرنى زەھەرلىك نەشتىرى بىلەن چېقىۋاتقان بىر كۈنى، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيۈمگە قايتتىم. ئىدارە دەرۋازىسىغا ئاز قالغاندا ئارقامدىن مەريەمگۈل دەپ چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئىتتىك ئارقامغا قارىدىم. ئىدارىمىزنىڭ 70 ياشقا كېلىپ قالغان كونا تەھرىرى مەنسۇر ئەپەندى.ۋەلسىپتنى يېتىلگەنچە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. مەنسۇر ئەپەندى گەرچە پىنسىيەگە چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىۋاتاتتى. مەن توختاپ مەنسۇر ئەپەندىنىڭ كېلىشىنى ساخلىدىم. مەنسۇر ئەپەندى ماڭا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۈچىسىغا كونىراپ كەتكەن قارا سوكنى پەلتۇ كىيىۋالغان بولۇپ، بوينىغا يوغان چاقماق يۇڭ شارپا سېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ سول پۇتى سەل ئاغرىسا كېرەك قەدەملىرىنى ئاياپ ئالاتتى. ئۇ كونا تۆمۈر ۋەلسىپتنى سوڭخەيچىلاپ ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ۋەلسىپتنىڭ ئالدىغا قېلىن پاختىلىق پەلىينى ۋە قۇلاقچىسىنى ئېسىۋالغان ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە قۇلاقچا ۋە پەلىينى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ۋەلسىپتكە مىنىشتىن ئاۋال كىيەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى خۇددى يېڭىلا چېلىنغان رىشالىدەك ئاق ۋە يۇمشاق ئىدى.

ھە مەنسۇركا قايتتىڭىزمۇ؟

ھەئە قايتتىم قىزىم، قايتتىم دىدى ئۇ جاۋابەن. بىز خېلى بىريەرگە كەلگىچە پىيادە پاراڭلىشىپ ماڭدۇق ئاندىن ئۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلدى.

قىزىم مەريەمگۈل سىزگە دەپ قويىدىغان بىر گەپ بار، ئۇ شۇنداق دىدىدە تۆت ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن بىر قارىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

مەريەمگۈل باشقا ئادەم بولغان بولسا بۇ گەپنى قىلمىغان بولاتتىم. ئەمما سىز ئىدارىمىزدىكى بىردىن بىر ئالى مەكتەپ ئوقىغان قىزىمىزسىز ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىڭىز بىلەنمۇ ياخشى ئۆتىمەن. ئۇ 2 ـ 3سېكىنۇت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئەڭ ياخشىسى قىزىم پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە كۆپ خەۋەر يازمىغان بولسىڭىز. پىلانلىق تۇغۇت بىزگە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نوپۇس تاجاۋۇزچىلىغىنىڭ بىر پارچىسى قىزىم. ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا ھارغىن چىرايى ۋە نۇرسىز كۆزلىرى جىددى ۋە كەسكىن بىر تۈسكە كىرگەن ئىدى.

يەنە پاراڭلىشىمىز قىزىم قانداق دەيسىز؟ ئۇ شۇنداق دىدىدە مۇرەمگە يىنىك قىلىپ بىرقانچىنى ئۇرۇپ قويدى.

چاتاق يوق مەنسۇركا، چاتاق يوق دىدىم مەن ئۇنىڭغا. ئۇ پاختىلىق پەلىيى ۋە پاختىلىق قۇلاقچىسىنى ئالدىرماي كىيدىدە خوش ئەتە كۆرۈشەيلى دىگەنچە ۋەلسىپتنى سولخەيچىلاپ مىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

قار ۋە مۇز قاپلاپ كەتكەن بۇ يولدا، ئۇنىڭ قولاشمىغان ۋە كېلەڭسىز ھەركەتلەر بىلەن سولخەيچىلاپ ۋەلسىپىت مىنىشى، كىشىگە ئۇ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئەمما ئۇ يىقىلىپ كەتمىدى. ئۇ ۋەلسىپىتنىڭ چاقنى يېنىك ئايلاندۇرۇپ، ئادەملەر توپى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

مانا بۇ مېنىڭ ھايات كۆلۈمگە ئېتىلغان بىر تال تاش ئىدى. بۇ تاش مېنىڭ روھى دۇنيارىمنى خۇددى ئۇزۇن يىللار تاشلىنىپ قالغان بىر ئۆڭكۈرگە شام يېقىلغاندەك، كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ بىر ئامباردا بىر تال سەرەڭگە چېقىلغاندەك يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. مەن بۇ مويسىپىت ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ھەيران قالدىم.خەلق ئارىسىدا نىمە دىگەن ئۇلۇق ئادەملەر بار ھە...........

مەن پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇچۇن خەتەرلىك بىر سىياسەت ئىكەنلىگىنى بىلسەممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئەملى ھەركىتىم بىلەن قارشى تۇرۇشنى ئەڭ ئاز دىگەندە نارازى بولۇشنى بىلمىگەن ئىدىم.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، مەن مەنسۇر ئەپەندىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان بولدۇم. ئۇنى خۇددى مېنىڭ ۋە بۇ دەۋرنىڭ مەنۋى تەۋەررۇگىدەك ھىس قىلىدىغان بولدۇم.

ئارىدىن 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەنسۇر ئەپەندى ۋاپات بولۇپ كەتتى. مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، مېيىتنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى مېيىت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىششى كېرەك ئىدى. مەن قىستىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى قاتارىدا ئۇنىڭ يۈزىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، ئەڭ يېقىندىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇ ئىنتايىن تەمكىن، خاتىرجەم ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياتاتتى. ئۇ ماڭا نىسبەتەن، مەن خەلقىمگە يۈز كېلەلمىگىدەك بىر نەرسە يازمىدىم، قەلىمىمنى پەقەت ئۆزەمنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ئەمەس بەلكى، خەلقىمنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەۋرەتتىم. شۇڭا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق دەۋاتقاندەك بىلىندى.

مەن ئۇيغۇرچە ياپىلاق تىلدا ئېيتقاندا،مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئۆلمىدىن كېيىن پۈتۈنلەي سىياسى بولۇپ كەتتىم. ئۇيغۇرچە ئېيتقاندا ھۆكۈمەت تەشۋىق قىل دىگەننى كۆپ تەشۋىق قىلماسلىق، يازغان نەرسىلەردە ھۆكۈمەتنى دارتمىلاپ چېقىۋالىدىغان نەرسىلەرنى ئارلاشتۇرۇش، سىياسى ئىبارىلەر ۋە ماختاشلاردىن خالى بىر نەرسە يېزىش سىياسى بولۇپ كەتكەنلىك ھېساپلىناتتى.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان. تورونتو كوچىلىرىدا ئالدىراش مېڭىپ تىمخورتون ئاتلىق ئىش ئورنۇمغا ئىشلەش ئۇچۇن كېتىۋاتىمەن. تىمخورتون كانادانىڭ 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇرانى. پۈتۈن كانادادا 3200 دىن ئارتۇقراق تىمخورتون بولۇشى مۇمكىن يەنى زەنجىرلىشىپ كەتكەن. ئۇدا ئىككى قېتىم تىمخورتوندىن قوغلاندى بولۇپ ئەمدى بۇ 3- سىگە خېلى سىڭىپ قالدىم.مەن تىمخورتون ئاتلىق بۇ كانادانىڭ 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇرانىدا ئىشلەش جەريانىدا، قوغلاندى بولۇشتىن تارتىپ ھازىرغىچە 5 ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندەك بىر بىلىمگە ئىگە بولدۇم دىسەم پو ئاتقان بولماسمەن بەلكىم. تىمخورتوندىكى تۇنجى كۈنۈمنى ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. مەن ئۇ كۈنى خۇددى بىر پىقىرتىپ تاشلىۋەتسە،ئافرىقىدىكى ياۋا ئادەملەر بار ئورمانلىقىقا چۈشكەن بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالغان ئىدىم. ئەلبەتتە كانادالىقلار ئۇ ياۋا ئادەملەردەك قورقۇنۇچلۇق ئەمەس بەلكى ئىنتايىن سەمىمى ۋە ياردەم سۆيەر، بۇ يەردىكى ئاساسلىق گەپ، مەن ھاياتىمدا كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر يۇقۇرى سەۋىيەلىك مۇلازىمەتنىڭ بولغانلىغىدا ھەمدە، مېنىڭ بۇ سەۋىيە بىلەن ماسلىشالماي سۈرۈلگەنلىگىمدە.

2- قېتىم تىمخورتوندىن قوغلاندى بولغان ۋاختىمدا باشلىغىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. باشلىغىم يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن بىر سەمىمى ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ مۇڭداق دىدى. ئۆزگۈنۈم مەريەمگۈل، مېنىڭ سېنى ئىشتىن چىقىرۋەتكىم يوق ئىدى، ئەمما شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. سېنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىڭغا ئامەت تىلەيمەن. گەرچە ئۇ مېنى قوغلاندى قىلىۋېتىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما بۇ ماڭا ھىچ ئېغىر كەلمىدى.چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى خۇددى بىر ئۇيغۇر ئاتاۋاتقاندەكلا مەريەمگۈل دەپ تولۇق ۋە چىرايلىق تەلەپپۇز قىلغان ئىدى.

مەريەمگۈل سەن دۇنيانىڭ نەرىدە بول، سودا تىجارەتنىڭ مۇنداق بىر ئاچقۇچى بار، بۇنى ئېسىڭدە تۇت دىدى باشلىغىم ماڭا قاراپ، دانە- دانە ئالدىرماي سەممىلىك بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلەپ. بۇنىڭ بىرى سۈپەت، يەنە بىرى پاكىزلىق، يەنە بىرى كۈلۈمسىرەش. خەرىدارلار سېنى كۈلۈمسىرەشنى بىلمەيدىكەن دەپ شىكايەت قىلدى. ئەگەر سەن داۋاملىق تىمخورتوندا ئىشلىمەكچى بولساڭ داۋاملىق كۈلۈمسىرەپ تۇر.

باشلىغىمنىڭ بۇ سۆزى بىلەن مەن ئۆك تەرپىمدە ئېسىغلىق تۇرغان ئەينەككە چاندۇرماي قاردىم. ئاللا ئەينەككە قاردىمدە ھەممىنى بىلدىم. مەن كۈلۈمسىرەلمەسلىك يەنى كۈلەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتىمەن. دەرھال خىياللىرىم قاقاخلاپ كۈلۈپ قوغلاشماق ئوينىغان، ئاغچەيلەم ئوينىغان، باللىق چاغلىرىمغا،مەردانە قاقاھلاپ كۈلۈپ، چەيزىرەك پولنى سارجا كۆينەكلىرىمنى لەپىلدىتىپ ۋالىسلارغا پىقىرغان ياشلىق چاغلىرىم غا كەچتى. ئۇ چاغلاردا ھەجەبا كۈلەلىگەن ئىدىم ئەمما ھازىر نىمشكە كۈلەلمەيمەن. ھە بىلدىم .........بىلدىم مەن نىمشكە كۈلەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم دىگەن بىر كىتاپ يېزىپ چىقىشىم كېرەك. ئوف.......ئوف.......كاشكى ئاش تاماقلىرىمنى ئېتىپ كىر قاتلارنى يۇيۇپ بېرىدىغان بىر خىزمەتكارىم بولسا ئىدى ھە؟ قارشى تەرەپتىكى ئەينەكتىن سۆرۈن تەلەت ئۆزەمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم . بۇنداق بىر كۈلۈمسىرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر سۆرۈن تەلەت ئايالنى قانداقمۇ ئىشلەتسۇن ھە..........مەن باشلىغىمنىڭ مېنى تىمخورتوندىن قوغلاندى قىلىۋېتىشىدىكى بۇ سەۋەبىگە تامامەن قايىل بولغان ئىدىم.

بىز خېرىدارلارغا بىر ۋەدە بەردۇق مەريەمگۈل، ئۇ بولسىمۇ مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ساپ ۋە يېڭىلىغى، دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى باشلىغىم، ئەگەر بىز بۇ ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلمايدىكەنمىز تىجارىتىمىز شۇ زامات چۆكۈپ كېتىدۇ. ھەر بىر چۆگۈن يېڭى كافى ۋە چاي دەملەڭەندە، ئۇ پەقەت 20 مىنۇت ئىچىدىلا سېتىلىپ كېتىشى كېرەك .ئەگەر 20 مىنۇت ئىچىدە سېتىلىپ تۈگىمىسە ئۇنى تۆكىۋېتىشىڭ كېرەك.بىز سېنىڭ، تىمخورتوننىڭ بۇ شەرتلىرىگە تازا ئەمەل قىلىپ كەتمىگەنلىگىڭنى ھىس قىلدۇق. ئەگەر سەن تىمخورتوندا ئىشلىمەكچى بولىدىكەنسەن، ھەر زامان خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدىكى ئەسكەردەك جىددى ھالەتتە بولۇشۇڭ كېرەك، سەل قاراشقا، يالغانچىلىق قىلىشقا، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا قەتئى يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق بىر كىچىك مەسئۇلىيەتسىزلىگىڭ، گەزىت ۋە رادىئو تېلۋىزورلار ئۆچۈن مۇھىم خەۋەر ئوبىكتى بولۇپ قېلىشى ۋە بىزنىڭ، خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەپۇ سورىشىمىزغا سەۋەپچى بولۇپ قېلىشى ھەتتاكى، تىمخورتوننى تاقىشىمىزغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.چۈنكى بىز خېرىدارلارغا شۇنداق ۋەدە بەردۇق.كانادادا خېرىدار دىمەك خۇدا دىمەك.كانادادا خېرىدارلار شىكايەت قىلىپ ھەرقانداق مۇلازىمەت ئورگىنىنى تاقىتىۋېتەلەيدۇ.

مەن باشلىغىمنىڭ سۆزىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدىم. راستىنى ئېيتقاندا بەك يۇغاشلاپ كەتكەن ئىدىم. كانادا مېنى شۇنچىلىك يۇغاشلىتىۋەتكەن ئىدىكى ئەيھەنناس، ھېلىقى مۇنازىرىچى مەريەمگۈلدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.

ۋاي ئانام..........ما ئاداش نىمە دەيدىغاندۇ ئەمدى ...........مەن ئۆزەمچە بۇنىڭغا زىيان بولمىسۇن دەپ تۆكمەپتىمەن دەپ ئويلۇدۇم ئىچىمدە، ئويلۇدۇمدە ئىچىمگە بىر جىن كىرىۋالدىمۇ قانداق ئەيتاۋۇر بەك كۈلگۈم كېلىپ ئۆزەمنى بەك تەستە توختىتۇۋالدىم. كۈلۈمسىرەشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقىنىمغا، شۇنداقلا بارغانچە سۆرۈن تەلەت بولۇپ كېتىۋاتقىنىمغا قارىماي، كۈلكە چاخچاق دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ چاقچاقچىلار ئارىسىدا چوڭ بولغانلىغىم ئۈچۈنمىكىن ئەيتاۋۇر، ئورۇنسىز يەرلەردە ئىچىمگە شەيتان كىرىۋالاتتىدە كۈلگۈم قىستاپ كېتەتتى.

باشلىغىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. مەيلى تىمخورتون ماركىسى ئاستىدىكى سۇيقاش بولسۇن، مەيلى كافى چاي بولسۇن سەن ئۇنىڭغا چوقۇم قاچان ياسالغانلىغىنى ۋە قاچان ۋاختى ئۆتۈپ كېتىدىغانلىغىنى،ئېنىق قىلىپ خېرىدارلار كۆرەلىگىدەك دەرىجىدە ئۈستىگە يېزىپ قويۇشۇڭ كېرەك. ۋاختى ئۆتۈپ كېتىدىكەن ئۇ قانچىلىك قىممەت نەرسە بولسىمۇ ئۇنى دەرھال ئەخلەتكە تاشلىشىڭ كېرەك. ئەگەر بىر خەرىدار ۋاختى ئۆتۈپ كەتكەن بىر نەرسىنى تىمخورتوندا يەپ قېلىپ، قوسىغى ئاغرىپ قالسا،تىمخورتون ئۇ خېرىدارغا تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇر بولىمىز.

ئارنى سۆكۈنات قاپلىدى . باشلىغىم بىر ھازا قولىدىكى دەپتەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، باشلىغىم مېنىڭ يېتەرسىزلىگىمنى بىر دەپتەرگە خاتىرلەپ ماڭغان ئىكەن. سەن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇختا خاسىڭ مېيى. كانادادا نۇرغۇن كىشىلەرگە خاسىڭ مېيى رىئاكسىيە قىلىدۇ. شۇڭا ئەگەر بىر خېرىدار باگېل(گىردىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نان) غا خاسىڭ مېيى سۈركەپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان بولسا، سەن بۇ خېرىدارغا چوئوقۇم پلاستىك پىچاق ئىشلىتىشىڭ كېرەك ۋە ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن پىچاقنى تاشلىۋېتىشىڭ شۇنداقلا ئەتراپىڭنى پاكىز تازلاپ دىزىنفېكسىيە قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلماي خاسىڭ مېيىغا ئىشلەتكەن ئوخشاش پىچاقنى 2- خېرىدارغا ئىشلىتىپ قېلىپ، 2- خېرىدار خاسىڭدىن رىئاكسىيەلىنىپ قالسا ئۇ چاغدا تىمخورتون ئۇ خېرىدارغا تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

مەن كاللامدا باشقا خياللىرىمنىمۇ بىرلىكتە قىلغاچ باشلىغىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

تىمخورتوننىڭ كانادادا شۆھرەت قازىنىشىدىكى يەنە بىر ئاچقۇچ پاكىزلىق. مەن سەندىن بىر نەرسە سوراپ باقاي مەريەمگۈل، تىمخورتوننىڭ ئىچىدىكى ئۈستەل ئىشكاپ، ۋە قازان بېشلىرىنى دىزىنفىكسىيە قىلىدىغان يەنى دەسمالنى سېلىپ سۈرتىدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى قانچە بولۇشى كېرەك؟

ئۆي تېمپېراتۇرىسى بولۇش كېرەك. توغرا، توغرا ئېيتتىڭ دىزىنفىكسىيە قىلىدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 60 ۋە ياكى 70 سىلسىيە گرادۇس يەنى ئۆي تەمپىراتۇرىسى بولۇش كېرەك ھەمدە ھەر 30 مىنۇتتا بىر ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك. پىچاقلار ھەر 2 سائەتتە يۇيۇلۇپ دېزىنفىكسىيە قىلىنىشى، دۆشلەر ھەر ئىسمىنا ئالماشقاندا يۇيۇلۇپ دىزىنفىكسىيە قىلىنىش، گۆش تۇرىدىكى مەھسۇلاتلار، قايماقلار ۋە پىشلاق سېلىنغان ئاليۇمىن قاچىلار ھەر ئىسمىنا ئالماشقاندا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك.ساڭا دەۋاتقانلىرىم تىمخورتوننىڭ قائىدە تۈزۈمى شۇنداقلا تىمخورتوننىڭ فورمۇلاسى.ئەگەر سەن بۇ فورمۇلاغا تولۇق چۈشىنىسەڭ سېنى تىمخورتوندا كۆرۈشنى خالىمايمىز.

ۋاي ئانام............ئىچىمدە غۇدۇراشقا باشلىدىم. مەن ھاياتىمدا ھېچقاچان بىر فورمۇلاغا چۈشۈپ باقمىغان. كاناداغا كېلىپ كۆرمىگەننى كۆرەمدىم نىمە.

مەريەمگۈل ساڭا ئېيتىپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، سەن خېرىدارلاردىن زاكاس ئالغان ۋاختىڭدا،خېرىدارلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ زاكاس ئېلىشىڭ كېرەك.كانادادا قارشى تەرەپتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلەش قارشى تەرەپكە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ.

ئەمما مېنىڭ مەدىنىيتىمدە ئايالارنىڭ ئەرلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىشى ھاياسىزلىق ھېساللىنىدۇ. مەن دەرھال نارازىلىق بىلدۈردۈم.

باشلىغىم بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەريەمگۈل سەن تىمخورتوندا ئىشلەيمەن دەيدىكەنسەن كانادالىقلارنىڭ مەدىنيەت ۋە قىممەت قارىشىغا ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك دىدى ئۇ يەنە.

مەريەمگۈل ئەلبەتتە سەن بىزنىڭ تىمخورتوندا ئىشلەش جەريانىدا يۇقۇرقى جەھەتلەردە بەزەن سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكىزگەن بولساڭمۇ ئەمما، يەنە نۇرغۇنلىغان خېرىدارلارغا توغرا مۇلازىمەت بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىپ يولغا سالدىڭ مەن سېنى بۇ مۇۋەپپەقىيتىڭ ئۈچۈن تەبرىكلەيمەن. باشلىغىم ماڭا قولىنى ئۇزاتتى ۋە قولۇمنى چىڭ سىقتى.بۇ 50 دوللارلىق تىمخورتون كارتى خوشال كۆڭلىرىڭدە ئىشلەت.مەن كارتقا ئاستا قولۇمنى ئۇزاتتىم ۋە رەخمەت، رەخمەت دىگەن سۆزنى ئارانلا ئاغزىمدىن چىقىرالدىم. مەريەمگۈل ئەگەر سەن خالىساڭ يەنە بىر يىلدىن كېيىن مەن ساڭا يەنە مۇشۇ تىمخورتونغا كىرىپ ئىشلەش پۇرستى بېرەلەيمەن. سەن بۇ بىر يىل جەريانىدا ئىنگلىزچەڭنى تېخىمۇ ياخشىلا. تىمخورتون كۆچمەنلەر ئۈچۈن سىناقلىرىدىن ئۆتۈشى ئىنتايىن تەس بولغان بىر ئالى مەكتەپكە ئوخشايدۇ. مېنىڭمۇ ئاتا ئانام كاناداغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن، ئانام ئىنگلىزچىنى 20 يىل توختىماي ئۆگەڭەن، ھەتتە ئانامنى ھاياتىدا ئىنگلىزچە ئۆگۈنۈپ بۇ ئالەمدىن كەتتى دىسەممۇ خاتالاشمايمەن.بىز كۆچمەنلەر كانادا جەمىيتىگە سىڭىپ كىرىمىز دەيدىكەنمىز ھەركۈنى ئىنگلىزچە ئۆگۈنۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق ئۆزىمىز كانادادا كاللىمىز، روھىمىز ۋە چۈشەنچىلىرىمىز ئۆز ۋەتىنىدە قالغان بىرى بولۇپ قالىمىز. مەن سېنىڭ بۇ بىر يىل ئىچىدە كاللاڭدىكى ئېغىر يۈكلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تولۇپ تاشقان كۈچ جاسارەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلالايدىغان ۋە ھەر ۋاقت كۈلۈمسىرەپ تۇرالايدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قايتىپ كېلىشىڭگە تىلەكداشمەن.

مەن تىممخورتوندىن خوشلىشىپ، سىرتقا چىقتىم. تورونتونىڭ مەركىزى كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كۈلۈمسىرەشتىن خالى سۆرۈنتەلەت چىرايىم بىلەن، كېتىۋاتىمەن. روجىستىۋا بايرىمىغا ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن كوچىلار ئاۋات، ئادەم بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر قوللىرىدا مەرتلىك بىلەن پۈلنىڭ كۆزىگە قارىماي سېتىۋېلىشقان نەرسىلىرىنى كۆتۈرشۈپ خوشال خورام بىر- بىرلىرى بىلەن ئىنگلىزچە پاراڭلىشىپ، چاخچاقلىشىپ كېتىۋاتماقتا.

خياللىرىم دولقۇنلاندى. مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەردە ھەر كۈنى ئىشقا بارغۇچە ۋە يانغۇچە، ياخشىمۇسىز؟ ياخشىمۇسىز؟ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ ئۆز تىلىمدا خەلقىم دوست بۇرادەر خىزمەتداش ۋە خولۇم خوشنىلار بىلەن سالاملىشىپ ماڭاتتىم.

ئەمدى تورونتو كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ شۇ كۈنلەرنى سېغىنىمەن ئەسلەيمەن. بەزىدە چوڭ ياشتىكى مويسىپىت كىشىلەر، مەريەمگۈل دەپ مېنى چاقىراتتىدە يولنىڭ خىلۋەت جايلىرىدا ئاستا قۇلۇغۇمغا پىچىرلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە قانداق يېڭى گەپ سۆزلەر بار؟ نامايىشقا چىققان باللارنى قويۇپ بېرىدىغاندەك تۇرامدۇ قانداق؟ دەپ سورايتتى مەندىن. ئاھ بەختلىك چاغلار..........تورونتو كوچىلىرىدا بۇنداق سالام سائەتلەر يوق.

كانادالىقلار ئىنتايىن باي.ئۇلار ماشىنىنىڭ ياخشىسىنى، ئۆينىڭ ياخشىسىنى، تېلىفۇننىڭ نوچىسىنى ساياھەتنىڭ نوچىسىنى قىلىش، ئونۋېرستىتنىڭ ياخشىسىنى تاللاش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ياشايدۇ.

ئۇلاردا بۈگۈن بۇنى يېدىم ئەتە نىمە يەرمەندىگەن غەم قايغۇ، پۇلنى سىقىپ يىغىدىغان مىجەز خارەكتىر يوق. باللىق چاغلىرىمدا دادامنىڭ تەڭتۇش ئاغىنىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە، ھەي ھاياتتا تۇرخۇندىن ئىس چىقىرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن زور بىر ئىش دىگەنلىرى يادىمغا كەلسە، ھايات، ياشاش ،پۇل ۋە بايلىق ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلارغا مۆپتىلا بولىمەن.

كانادامۇ ئىنتايىن باي دەۋلەت. كانادا ھەم ئامېرىكىدەك ئۇرۇشقاق ئەمەس. كانادا دۇنيادىكى ئۇرۇش جىدەﷲر ۋە سياسى ماجرالارغا كۆپ كىرىپ قالماي تىنىچ ۋە خاتىرجەم ياشاشنى مەخسەت قىلغان بىر دەۋلەت.ئامېرىكىدا ھادىسە يۈز بېرىپ بىر چىمچىلاق قولىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتسە 40 مىڭ دوللار بىر كۆرسەتكۈچ بارمىغىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتسە 60 مىڭ دوللار بىر ئوتتۇرا بارمىغىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتسە 70 مىڭ دوللار يانچۇغىڭىزدىن چىقىرىپ تۆلەيسىز ئەمما كانادادا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكالىق.ئەگەر خانىمىڭىز ئامېرىكىدا يەڭگىپ قالسا ئەگەر سۇغۇرتىڭىز بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پاھوي..نۇرغۇن دوللار تۆلەشكە مەجبۇرسىز. كانادادا تۇغۇت ۋە بارلىق ئوپېراتسىيە شۇنداقلا تەكشۈرتۈش ئۇسكۈنىلىرىگە چۈشۈشنىڭ ھەممىسى بىكالىق. ئۇنى ئاز دەپ بىر باللىڭىز تۇغۇلسا كانادا ھۆكۈمىتى ھەر ئايدا سىزگە ئازراق كەم 500 دوللار پۇل بېرىدۇ بۇ تاكى باللىڭىز 18 ياشقا كىرگەڭە قەدەر داۋاملىشىدۇ. كانادالىقلارمۇ مانا مۇشۇنداق بىر باي دەۋلەتتە ياشىغانلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشايدۇ. ئۇلاردا نە ۋەتەن غېمى، نە ئىشسىزلىق غېمى، نە باللىرىنى ئالى مەكتەپتە ئوقۇتالماي قېلىش غېمى دىگەنلەرنى بىلمەيدۇ.

2015- يىلى 1- ئاينىڭ 7- كۈنى.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان. بۈگۈن كاناداغا كەلگىنىمگە 10 يىل، تىمخورتون ئاتلىق كانادانىڭ بۇ 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇرانىدا ئىشلەۋاتقىنىمغا 5 يىل بولدى.

2- تىمخورتوندىن ئىشتىن توختۇتۇلغاندىن كېيىن قوپالراق سۆز بىلەن ئېيتقاندا قوغلاندى قىلىنغاندىن كېيىن دەل بىر يىل ئۆتكەندە، ھېلىقى تىمخورتوننىڭ باشلىغى ۋەدىسى بويىچە ماڭا 2- قېتىم يەنە بىر پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن تېلىفۇن قىلىپ مېنىڭ ئىزچىل ھالدا تىمخورتوندا ئىشلەشنى ئويلاۋاتقان ۋە ئويلىمايۋاتقانلىغىمنى سورىدى. مەن خوشاللىق بىلەن ئىشلەشنى خالايدىغانلىغىمنى بىلدۈردۈم ۋە ئىشلەپ كەتتىم.

ھازىر تەرجىمھال يېزىشقىمۇ خېلى ئۇستا بولۇپ قالدىم. 5 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۇ تەرجىمھالىمغا قارىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. ئىش ئورۇنلىرى بىلەن بولغان يۈز تۇرانە ئۇچۇرشۇشلاردا، قارشى تەرەپ سورايدىغان سوئاللارغىمۇ قانداق جاۋاپ بېرىشنى يېڭى كەلگەنلەرگە ئۆگۈتۈپ كېتىمەن ئۆزەمچە. كانادانىڭ تىمخورتون ئاتلىق بۇ 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇرانىدا نىملەرنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەنلىگى ئۇ بىر رومان. مەن تىمخورتوندا خۇددى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىرسىنى دەرياغا ئىتتىرۋەتكەندەك، ئۇياققا ئۆرۈلدۈم، بۇياققا ئۆرۈلدۈم بەزىدە سۇنىڭ رايى بويىنچە ئىتتىك ئاقتىم بەزىدە قورام تاشلارغا ئۆرۈلدۈم. قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ئاخىرى قىرغاققا چىقتىم. ھازىر مەن تىمخورتوننى تاشلىۋەتسەم تاشلىۋېتىمەنكى تىمخورتون مېنى قوغلاندى قىلىۋېتەلمايدۇ. ئەمما مەن تىمخورتون ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بۇ كۈن ۋە بۇ يىللىرىم ئۈچۈن پۇشمان قىلمايمەن. چۈنكى مەن تاللاش نۆۋىتىدە ھاياتتا قېلىش ئۈچۈن ياشاشنى ئەمەس بەلكى، ياشاشنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن ياشاشنى تاللىغان ئىدىم. سۇمۇ ئېقىپ- ئېقىپ يولىنى تاپقانغا ئوخشاش مەنمۇ يولۇمنى تاپماقتا ئىدىم.

تورونتو كوچىلىرى كەچكۈزنىڭ سەرسان يوپۇرماقلىرىغا پانالىق بېرىۋاتقان بىر كۈنى، مەلۇم بىر تىمخورتوندا تەرجىمان يىگىت بىلەن تەسادىپەن ئۇچۇرشۇپ قالدىم. تەرجىمان يىگىت مېنى كۆرۈپ ئاللا..........دىگەنچە پىشانىسىغا بىرنى ئۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە، ھەدە سىز تېخىچە تىمخورتوننىڭ پېشىنى قويۇۋەتمىدىڭىزمۇ؟ دىدى ھەيرانلىق بىلەن.

كېيىنكى كۈنلەردە تەرجىمان يىگىت، مېنىڭ تىمخورتوندا سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى يادلىشىمغىمۇ ياردەمچى بولغان ئىدى.

ھەدە بۇ خەق دونات دىگەن بىرنەمىسى بار بەك ياخشى كۆرىدۇ. دىپ دىگەنلىرى ئوتتۇرسى تۆشۈك بولغانلىرى. مەسلەن ھونەي دىپ دونات دىسىلا دەرھال ئوتتۇرسى تۆشۈك بولغانلىرىغا قاراڭ دەپ تاكتىكا ئۆگۈتەتتى ئۇ ماڭا.

ھايات خۇددى سۇرەتلەر يىغىندىسى. ئەمما سەن بۇ سۇرەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۈلۈمسىرەلمەسلىگىڭ مۇمكىن.يەنە كېلىپ مېنىڭدەك كىچىككىنە بىر دۇم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازان شەھەردە تۇغۇلغان، نۇرغۇن ئادەملەر دۇنيانىڭ چوڭلىغى مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ دەپ ياشايدىغان بىر جۇغراپىيەدە يېتىلگەن مەندەكلەر ئۈچۈن تورونتو، قانچە ئەسىر بۇرۇن ياشىغان بىر ئادەمنى تىرىلدۈرۈپ ئاندىن ئۇنىڭ قانداق ياشايدىغانلىغىنى تاماشا قىلىۋاتقان تاماشىبىنغا ئوخشايدۇ.

بۈگۈن يەنە، تورونتودا قاتتىق سوغاق بولۇدىغانلىغى ھەققىدە مەترولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئۇختۇرۇش بەرگىنىگە قارىماي، 2 ئۆي ماكانسىز كىشىنىڭ كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىغى ھەققىدە خەۋەر تارقىتىلدى.كىشىلەر بۇ 2 ۋەتەنداش ئۈچۈن تورونتو شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، شەھەر باشلىغى جوننى جاۋاپكارلىققا تارتتى.جون نامايىشچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ 2 كانادا ۋەتەندىشىنىڭ سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىغىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيتى بار ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە نامايىشچىلارنىڭ ھەق ئادالەت ۋە كانادانىڭ ئىنسانلىق قىممەت قارىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەق ئادالەت ھەركىتىگە يۇقۇرى باھا بەردى. تورونتو شەھىرىنىڭباشلىغى يەنە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تورونتودىكى ھەرقايىسى مەركىزى ئورۇنلارغا، سوغۇقتا قالغانلار ئىسسىنىۋېلىش ئورنى قۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى.

بۈگۈن يەنە فرانسىيەدىكى بىر جورنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە، تەرورلۇق ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىلىپ، 12 تەھرىر ۋە مۇخبىرنىڭ ئۆلگەنلىگى شۇنداقلا 4 نەپەر كىشىنىڭ ئېغىر ياردار ئىكەنلىگى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنيانى لەرزىگە سالدى.

ۋەتەندىكى مۇھىم خەۋەرلەردىن، بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر ئاپتۇنوم رايۇنىنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ بېئىيجىنغا يۆتكەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، ۋەتەنىنىڭ نۇر بەكرىسى بولغىچە، كانادانىڭ ئاددى بىر پۇخراسى بولغانىنى ئەۋزەل كۆرگەن بىر ئۇيغۇرمەن. تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغاندىن كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن ئۇيغۇرمەن.

قورقۇنچاقلارنىڭ قولىدىكى قىلىچى بولغاندىن، جەسۇر بىر ئايال بولۇشنى تاللىغان ئۇيغۇرمەن. ئەلبەتتە جەسۇر ئايالنىڭ بىر قارىشى،كورقۇنچاق ئادەمنىڭ قىلىچىدىن نەچچە ھەسسە بەكرەك دۈشمەننى تىترىتەر.ئەگەر ئۆز- ئۆزەمگە باھا بېرىشقا توغرا كەلسە، مەن ئۆزەمدىكى ئەنە ئەشۇ جەسۇرانە بىر قاراشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. ئەشۇ جەسۇرانە بىر قاراش مېنىڭ مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەشۇ تۇگمىدەك شەھەردىن يولغا چىقىپ، كاناداغا كېلىپ توختىغىچە بولغان سەپەرلىرىمدە ماڭا ھەمرا بولدى.

ئەي..........جەسۇر ئايالنىڭ بىر قارىشى.ئۈمۈت ئىشەنچ، روھ ۋە ھەق ئادالەت ئالىمنى كېزىشكە يېتەكلىگەن قاراش.

مەن يەنە، ئىنسانلار ھۆكۈمەتلەردىن قورقىدىغان يەرلەرنىڭ خەندانسىز بۇلبۇلى بولغاندىن، ھۆكۈمەتلەر ئۆز پۇخرالىرىدىن قورقۇدىغان دۇنيالارنىڭ جاپاكەش چۈمۈلىسى بولۇشنى تاللىغان ئۇيغۇرمەن. مەن يەنە قەپەز ئىچىدىكى يالتىراق توز بولغاندىن،ئەركىن دۇنيانىڭ ئېرىغىدا ئەركىن ئاققان سۇ بولۇش يولىنى تاللىغان ئۇيغۇرمەن.

مەن يەنە ئۆلۈك بىر ئىمپىراتور بولغاندىن، ھايات بىر تىلەمچى بولۇشنى تاللىغان بىر ئۇيغۇرمەن.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان ئۆز نۆۋىتىدە كانادانىڭ 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇرانىدا ئىشلىگەن بىر ئايال ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇيغۇر دىگەن بۇ ئىسمنى كانادالىقلارغا تونۇتۇش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ يۈرگەن مەدىنى دىۋانە تىلەمچىمەن.ۋەتەندىكى تىلەمچىلەردىن پەرقىم، ئۇلار ئېتىگىگە 10 تىيىن تاشلانغىنىغا خوش بولسا، مەن بىر ئادەمنىڭ ئۇيغۇرنى بىلگەن ۋە تونۇغىنىغا خوش بولۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتمەس تۈگىمەس ئۈمۈت جاسارەت ۋە روھ ئېلىپ ياشايدىغان ئۇيغۇرمەن.

ئەي دۇنيا.............كىملەر نۇر بەكرى بولۇش تاماسىدا، ھۆكۈمدارلار سورۇنلىرىنىڭ ئىغىز سۈرتىدىغان قولياغلىقى بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلدى، يەنە كىملەر ئۇلارنىڭ ئاچچىق ھاراقلىرىنىڭ زاكۇسكىسى بولدى. يەنە كىملەر ....... نىمە ئىشلارغا رازى بولمىدى .......يەنە كىملەر نۇر بەكرى بولۇپ قىلىش ئۈۋالچىلىغىدىن بەدەر قاچتى، ھەتتا قىتئەلەر ئاتلاپ خۇددى مەندەك.

تورونتو كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ، تىمخورتوندا ئالدىراش ئىشلەۋېتىپ، بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان مىزىلىك كوفى ۋە چايلارنىڭ پۇرىغىدىن ھوزۇرلانغاچ خىيال ۋە تەپەككۇرلىرىمنى قىلىمەن.بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، ئۆلۈم ھەققىدىكى تەپەككۇرۇم بولدى. ئۆلۈم ئەسلىدە، ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ يوقۇتۇش ئەمەس، ئەسلىدە ئەڭ چوڭ يوقۇتۇش، ئارىمىزدا ھايات تۇرۇپ ئۆلگەنلەر. نۇر بەكرى ھايات ياشاپ تۇرۇپ،خەلق نەزىرىدە ئۆلگەنلەر جۈملىسىدىندۇر.ئەي مەريەمگۈل، مەريەمگۈل سەن بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمغاندا، كۈلۈپ تۇرۇپ مەغرۇر كەتكىنكى ئۇ دۇنياغا، بۇ دۇنيادا قالغان ھەر كىم يىغلىسۇن سېنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈپ. ھاياتنى قانچىلىك سۆيسەڭمۇ سۆي، ئەمما ئۆلۈمگىمۇ ھازىر بولۇشۇڭ كېرەك. دېڭىزنى سۆيىمەن دىسەڭ ئۇنىڭ دولقۇنلىرىنىمۇ سۆيۈشۈڭ كەرەك. ئۈچۈشنى ئارزۇ قىلساڭ، چۈشۈشنىمۇ ئويلىشىپ قوي. ئەگەر قورقۇپ ياشساڭ پەقەت ھاياتنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس، تاماشىبىنى بولۇپ قالىسەن. مەن ئادەم بولۇش بىلەن نۇر بەكرى بولۇش ئوتتۇرسىدىكى تاللاشتا ئادەم بولۇشنى تاللىغان ئىدىم. ئالدىمدا ئىككى يول تۇراتتى. بىرى نۇربەكرى يولى، يەنە بىر تولىمۇ خەتەرلىك بولغان قېچىش يولى. مەن قېچىشنى تاللىدىم. بەزىدە قېچىش بىر ئاخماقلىق، چۈنكى سەن بەزىدە خوشناڭنىڭ كۈچىگىدىن قورقۇپمۇ قاچىسەن .بەزىدە قېچىش بىر قەھرىمانلىق.ئەگەر خائىنلار بىلەن قەھرىمانلار ئوتتۇرسىدىكى پەرققە باھا بېرىشكە توغرا كەلسە، ھۆكۈمدارلارنىڭ مەھكىمىلىرى ئەمەس بەلكى تارىخ باھا بېرىدۇ.

كانادادا ئۆتكەن بۇ 10 يىل، مەندە چوڭ ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلدى. ئەڭ مۇھىمى ھەر ۋاقىت مېنىڭ روھى دۇنيارىمنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان، مالىيامۇگۈلى ئابۇدۇرېخىمەن دىگەن ماڭا مەجبۇرى تېڭىلغان بۇ سۈرەم پالاز ئىسمىدىن قۇتۇلدۇم. ھازىر مەن مەريەمگۈل. كانادا پاسپورتۇم ۋە كانادا كىملىگىمدە شۇنداق يېزىلغان.خىزمەتداشلىرىم مېنى مەريەم دەپ چاقىرىشىدۇ. مەن بۇ كۈننى تەبرىكلەش ئۈچۈن چەتئەلدىكى بىردىن بىر مۈلكۈم، پۇل ۋە قۇدرەتتىنمۇ كۈچلۈك بولغان ئائىلەم بىلەن بىرلىكتە تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. مۇراسىمدا يەنە يېقىن دوسلىرىمىزدىن، تورونتو كۇتۇپخانىسىنىڭ كۆپ خىل مەدىنيەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش بۆلىمىنىڭ باشلىغى پاملا خانىم، ئۇرۇمچى قەشقەرلەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇيغۇر لەغمىنىگە بولۇپمۇ خىتايچە بازىمىئەن دىيىلىدىغان لەغمەن تارتىشقا ھېرىسمەن بولغان پەتەر ئەپەندى شۇنداقلا مەن ئىشلەۋاتقان تىمخورتوننىڭ باشلىغى سۇ خانىملار بار ئىدى. دەستىرخىنىمىزدا ئۇيغۇر تاماقلىرى بولغان پولو، سامسا، مانتىلاردىن باشقا يەنە پىززا، پاپايىز شۇنداقلا، İتالىيەلىكلەرنىڭ پاستا،تۈركلەرنىڭ دولما ۋە باكلاۋالىرىمۇ بار ئىدى. مۇزىكىلاردىن، ھارۋىكەش ناخشىسى، قاپقارا قوي كۆزلۈگۈم، يار سېنىڭ دەردىڭ 2- شۇنداقلا، بۇلبۇللار، بۇلۇتلار ئاراسىدىن قاتارلىقلار بوشۇە يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بۇ كىچىك تەبرىكلەش مۇراسىمىدا مەن ئائىلەمدىكىلەرگە ۋە 3 نەپەر دوستىمىزغا نۇتۇق سۆزلەپ، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىسمىنىمۇ توغرا ئاتىيالماي، ھۆكۈمدارلار مەجبۇرى تاڭغان ئىسىملار بىلەن يۈرۈشى بىر پاجىئە.مەن بىر ئىنقىلاپ قىلدىم ۋە بۇ ئىنقىلاپتا كانادادا غەلبە قىلدىم دىدىم.ئۇلار چاۋاكلار چېلىشىپ مېنى تەبرىكلەشتى.شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن كېچىلىرى كۈلۈمسىرەپ ئۇخلايدىغان بولدۇم. شۇنداق، مەن بۇ 10 يىل جەريانىدا يەنە نۇرغۇنلىغان قانۇنيەتلەرنىمۇ يەكۈنلەپ چىقتىم.

يەكۈنلىگەن قانۇنيەتلىرىمنىڭ بىرسى شۇكى، بىر ئىنساننى ۋەتىنىدىن ئايرىۋەتكىلى بولىدىكەن ئەمما، ۋەتەننى ئۇنىڭدىن ئايرىماق مۇمكىن ئەمەسكەن. مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان گەرچە ئۆزەم ۋەتەندە بولمىسامىمۇ ئەمما بۇ10 يىلدا ۋەتەن بىلەن پىچىرلىشىپ ياشىدىم. چۈنكى مېنى مەن قىلىپ تۇرۇۋاتقان،مېنىڭ ئىچكى ھىسسىياتلىرىمنى ئەللەيلەيدىغان ھەممە نەرسە ۋەتەندە ئىدى.دەرەخ قانچە ئىگىز ئۆسسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى يەنىلا يەرگە چۈشكىنىگە ئوخشاش، مەن كانادادا ئىگىز ئۆسكەن بىر دەرەخ بولسامىمۇ ئەمما مېنىڭ يوپۇرماقلىرىم ۋەتەن زىمىنلىرىغا ھەتتا ھەر بىر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغا قەدەر چۈشمەكتە ۋە ئانا زىمىنغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى.

مەن يەنە كانادا بايرىغى ئالدىدا قەسەم بېرىپ كانادانىڭ ۋەتەنداشلىغىغا ئۆتتۇم. ئەلبەتتە بۇ مەن مالىيامۇگۈلى ئابۇدۇرېخىمەن دىگەن ئار نۇمۇسۇمغا تىگىدىغان ئىسمىنى پىقىرتىپ تاشلىۋېتىشتىن بۇرۇن بولدى. مەن كانادا بايرىغى ئالدىدا قەسەم

بېرىۋاتقان ۋە ئو.........كانادا دىگەن كانادانىڭ دەۋلەت گېمنى ئورۇنلاۋاتقان ۋاقتلاردا، بەدەنلىرىم مەن ھېچبىر زامان ھىس قىلىپ باقمىغان چىن ئەقىدە ۋە ساداقەت ھىسسىياتى بىلەن لاۋۇلداۋاتقاندەك بولدى. ۋەتەن ۋە تۇپراق ھەققىدە ۋەتەندىن ئايرىلغاندىكى ۋاقتلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇھەببەتلىك تونۇشقا ئىگە بولدۇم. ئەگەر قەلبىمدە ۋەتەن دىگەن بىر ئۇقۇم يالقۇنجىمىغان، ۋەتەن دىگەن بىر سايە ماڭا ئەگەشمىگەن، ۋەتەن دىگەن بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋۈمدە زايە بولمىغان بولسا ئىدى.مەن كانادانىڭ بۇ رەھىمسىز ۋە ناتونۇش دەريا- ئۆستەڭلىرىدە ئاقالمىغان بولاتتى.

بۈگۈن تورونتو كوچىلىرى ئاچچىق سوغۇق ۋە ھۇۋلىغان شۇىرغاندىن غال- غال تىترىمەكتە.

شۇنداق، فېبرال ۋە يانۋار ئايلىرىدا تەبىئەت، مەن تۇغۇلغان ئەشۇ دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان كىچىككىنە قازان شەھەردىمۇ سوغۇق ھۇۋلاشلىرى بىلەن زەھەرلىك يىلاندەك جانلىقلارنى چېقىشقا ھازىر تۇرۇدۇ.ئەمما سەن كىملەر بۇ ئاچچىق سوغۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي كوچا كويلاردا توڭلاپ ئۆلدى. كىملەر قالايدىغان كۆمۈرى يوق توڭلاپ ئۆلدى بىلمەيسەن. نە خەۋەر ئاڭلالمايسەن نە ساڭا خەۋەر بېرىدىغان بولمايدۇ. ئەمما كانادادا ئۇنداق ئەمەس، بۈگۈن تورونتولۇقلار 2 نەپەر ۋەتەندىشىنىڭ كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىغىنىڭ ھېسابىنى ھۆكۈمەتلەردىن سوراش ئۈچۈن كوچىلارغا تۆكۈلدى. چۈنكى ۋەتەن دىمەك خەلقنىڭ كۈچى دىمەك.خەلقنىڭ كۈچى دىمەك ئادالەت دىمەكتۇر.ئادالەت دۇنياسى .بەزى يەرلەردە ئادالەت خۇددى لىق توك قاچىلانغان تېلىفۇنغا ئوخشايدۇ، بەزى جايلاردا بولسا توكسىز تېلىفۇنغا

گەرچە كۈننىڭ سوغۇق بولغىنىغا قارىماي،بۈگۈن مەن ئىشلەۋاتقان بۇ تىمخورتون ھەر كۈنكىدىن ئىككى ھەسسە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۆچرەتلەر تاشقىنلاپ، كوچىلارغا قەدەر سوزۇلۇپ كەتتى.چۈنكى مەن ئىشلەۋاتقان بۇ تىمخورتون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا يېقىن ئەتراپتا بولغانلىغى ئۈچۈن، مۇزلىغان نامايىشچىلار تىمخورتونغا ئۆزىنى ئېتىشقان ئىدى.

مەن كوفى چاي دەملەش، دەملىنىپ بولغان كوفى چايلارنىڭ قىرىندىلىرىنى ئەخلەتكە تاشلاپ يۇيۇپ تازىلاپ يېڭى كوفى چايلارنى دەملەشكە ھازىرلىنىش، زاكاس ئېلىش خېرىدارلارنىڭ كوفى چايلىرىنى دەملەپ بېرىش، خېرىدارلار زاكاس قىلغان تاتلىق تۇرۇملەر شۇنداقلا سۇيقاش ۋە ساندۇىچ دىگەڭە ئوخشاش نەرسىلەرنى خېرىدارلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدىم. ھازىر 10 يىلنىڭ ئالدىدىكى مىشچان، ئېزىلەڭگۈ يىغلاڭغۇ مەريەمگۈلدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى.مەن شۇنچىلىك تېز ۋە شۇنچىلىك چەبدەسلىك بىلەن زاكاس ئېلىپ، خەرىدارلارنىڭ كوفى، چاي ۋە يىمەك ئىچمەكلىرىنى شۇنچىلىك تېز يەتكۈزۈپ بېرەتتىمكى ئەي ھەنناس،باشلىغىم توختىماي گوئود جوب مەريەم دەپ ماڭا مەدەت بېرەتتى.

ئەي .....ئايال يىغلىما، مىشچانلار ۋە يىڭلاڭغۇلار باشلىرىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ، چەكسىز كەتكەن كۆكلەردىن ھوزۇر ئالالمايدۇ، يېتەركى دۈشمىنىڭگە خەنجەردەك سانجىلىپ قارايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىڭ زەرەر كۆرمىسۇن. گەرچە تورونتودا قانچىلىغان رەڭلەرگە ساھىپ ئوخشىمىغان كۆزلەر مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىن ئېقىۋاتقان ياشلار ئوخشاش ئىدى. تورونتولۇقلار خاس مىللەتلەر ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئىنسانلىق ئۈچۈن ياش تۆكىدىغان خەلق. بۈگۈن تورونتو خەلقى قاتتىق سوغۇق سەۋەبىدىن كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان ئىككى نەپەر ۋەتەندىشى ئۈچۈن ياش تۆكتى ۋە يەنە ياش تۆكۈپ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالمىدى بەلكى ئىشلىرىنى تاشلاپ كوچىلارغا تۆكۈلدى.

مەن نامايىشچىلار زاكاس قىلغان كوفى چاي، ساندۇىچ ۋە سۇيقاش قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ نامايىشچىلار ئولتۇرۇشقان ئۈستەلگە باردىم. ئۈستۈمدە يارىشىملىق تىمخورتوننىڭ خىزمەت كىيمى، مەيدەمدە مەريەمگۈل دەپ يېزىلغان ئىسىم كارىتۇچكام، بېشىمدا تىمخورتون دىگەن خەت يېزىلغان شەپكەم بار ئىدى.روھىممۇ ئۈستۈن ئىدى.نامايىشچىلار ھارپەر ھۆكۈمىتىنى توختىماي ئەيىپلىمەكتە ئىدى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە، كانادادا 2 كىشىنىڭ سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشى كانادا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ئۈچۈن نومۇس دەپ سۆزلەشمەكتە ئۇلار غەزەپ بىلەن. نامايىشچىلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ خىياللىرىم قاناتلاندى. كۆزلىرىمدىن ئىز دىرەكسىز غايىپ بولغان ئوغلىنى ئىزلەپ چۇقانلىرىنى دۇنيالارغا قەدەر ئاڭلىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئەمما بوغۇلۇپ قېلىۋاتقان قەيسەر ئانا پاتىگۈل غۇلام، ئارقىدىن يەنە ئوغلى ئۈچۈن پەريات ئۇرۇۋاتقان باشقا ئانىلار كەچتى. دۇنيا ئادالىتىنىڭ ئۇرۇغى نىمە دىگەن تەكشى چېچىلمىغان ھە؟ بەزى يەرلەرگە بەك مول بەزى يەرلەرگە بولسا ھېچ چېچىلمىغان.

مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەشۇ دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازان شەھەردە،نۇرغۇن كىشىلەر ئىز دەرەكسىز غايىپ بولۇپ كەتتى. تۈرمىلەردە ئۆلدى......قېنى بۇلار نەگە كەتتى دەپ سورىغۇچىلارمۇ ئۆلدى. مەن ئەشۇ دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازان

شەھەرگە ئادالەت ئېلىپ كېلەلىگۈدەك كۈچكە ساھىپ بولمىساممۇ ئەمما، ئادالەت ھۆكۈمسىرۈۋاتقان بىر جايىنى ئاخىرى تاپتىم. ھەممە ھەق ئادالەت ئۈچۈن چۈقان سېلىۋاتقان بۇ ھەق ئادالەت ئىگىلىرىگە ئەڭ يېقىن ھالەتتە تۇرۇپ خىزمەت قىلماقتىمەن. تورونتودىكى ئىنسانلىق قىممىتى بىلەن مېنىڭ ئۆز ئانا شەھىرىمدىكى ئىنسانلىق قىممىتى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە زور پەرق بار ئىدى. ئاقنىڭ تەغدىرى كىرلەنمەك، قارىنىڭ تەغدىرى قارىلانماق بولغىنىدەك، مەن دۇم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قارا قازان ئاستىدىكى، قارا تەغدىرگە دۇچار بولۇپ قارىلىنىپ كەلگەن بىر مىللەتنىڭ پۇچتىدىنمەن.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان كانادادا، ئادالەت ھەققىدە كۆپ نەرسىلەر ئۆگەندىم.بەزىلەر مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئۆگەندۇ. بەزىلەر ياشاپ ئۆگىنىدۇ خۇددى مەندەك. ياشىغانلار دېڭىزدىكى بوران چاپقۇن چايقىغان كېمىگە ئوخشار.

مەريەم. تۈيۇقسىز قۇلۇغۇمغا بىرسىنىڭ مېنى چاقىرۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ يان جوزىغا قارىدىم. مېنىڭ ئىسمىم ئالىكس تورونتو ئونۋىرستىدا ئوقۇيمەن . مەن بۇگۈنكى بۇ نامايىشنىڭ تەشكىللىگۈچىسىمەن.تونۇشقىنىمغا مەمنۇنمەن، كوفنى بەكياخشى دەملەپسىز رەخمەت دىدى ئالىكس ماڭا قول ئۇزۇتۇپ. رەخمەت بۇ مېنىڭ خىزمىتىم دىدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

مەريەم سىز ئۆزبىكمۇ؟ دەپ سورىدى ئالىكس ئارقىدىن . ياق مەن......مەن جاۋاپ بېرىشكە تەمشىلىۋدىم ئۇ دەرھال،ھە توختاڭ.....توختاڭ مەن تاپىمەن دىدى جىددى تەلەپپۇزدا.

ئارقىدىن ئۇ يەنە، ئۇنداقتا سىز ئۇيغۇر شۇنداقمۇ؟دىدى.

شۇنداق، ئەمما قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ مەن بىر ئىنگلىزنىڭ مېنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىگىمنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغىنىنى تۇنجى كۆرۈشۈم ئىدى.

مەن تورونتو ئونۋىرستىدا تارىخ پەنلىرى ئوقۇيمەن. مەن ئەسلىدە موڭغۇل تارىخىغا ئىنتايىن قىزىققان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدىم ئەمما، ئوقۇش جەريانىدا موڭغۇل تارىخىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىگىنى ھىس قىلدىم.

مەن ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا قىزىقىدىغان بىر ئىنگلىز بىلەن تەساددىپەن تىمخورتوندا ئۇچرىشىپ قالغانلىغىمدىن ئىنتايىن ھاياجانلاندىم . ھاياجان سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئاغزىمغا باشقا گەپ كەلمەي،توختىماستىن سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىگىمدىن مەمنۇن بولدۇم دىگەن سۆزنى توختىماي تەكرارلاپ كەتتىم.

مەريەمگۈل،تورونتودا قانچىلىك ئۇيغۇر بار؟ سورىدى ئالىكس مەندىن.

150ياكى 200 ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئائىلىسى بولۇشى مۇمكىن.

ناھايىتى ياخشى. ئالىكس مەن بىلەن سۆزلەشكەچ يانچۇغىدىن ھېساپلىغۇچنى چىقىرىپ مەندىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەخمىنەن قانچىلىكتىن ئۇيغۇر ياشايدىغانلىغىنى سورىغاچ، خىتاي چېگرىسى سىرتىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىنى قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىر ھازا ھېساپلىغۇچقا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دىدى.

خىتاي ئۆزىنىڭ نوپۇس مەلۇماتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئۇيغۇرلار 8 مىليون ئەتراپىدا. ئەگەر بۇلارنىڭ بىر مىليونى چەتئەلدە بولىدى دىگەن تەغدىردە، ئەگەر خىتاي سىلەرنىڭ تىل ۋە مەدىنىيىتىڭلارنى يوق قىلىۋېتىش مەخسىدىنى ۋەتەن ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرالىغان تەغدىردىمۇ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىر مىليون ئۇيغۇر ئۆز مىللى كىملىگىڭلارنى ساقلاپ ۋە قوغداپ قېلىشقا تامامەن يېتىسىلەر. شۇنداقلا مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇش جەھەتتىكى رەقەملەرگە كەلسەك، سىلەرنىڭ قېرىنداشلىڭلار قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەر 5 مىليۇنلۇق نوپۇسى بىلەن مۇستەقىل بولۇپ تۇرماقتا. ئۇندىن باشقا ياۋرۇپادىكى نورۋىگىيە، دانىيە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرمۇ 5 مىليون ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن نوپۇس سانى بىلەن مۇستەقىل دۆلەت ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

مەن ئىنتايىن ھاياجان ۋە خوشاللىق ئىچىدە ئالىكسنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماقتا ئىدىم.

**مەريرمگۈل سلەر هەر يىلى 4- ئىيۇل ۋەقەسى بارىن ۋە غۇلجا ئىنقىلاپلىرىنى خاتىرلەپ نامايىشقا چىقىۋاتامسلەر؟**

ئەلبەتتە چىقىۋاتىمىز. دىدىم مەن جاۋابەن. ئىچىمدە بولسا ئالىكسنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ھەركەتلىرىمىز بولغان كۆنلىرىمىز ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىغىدىن تېخىمۇ سۆيۈڭەن ئىدىم.

ناھايىتى ياخشى.چۇقان سېلىش ۋە نامايىش قىلىش روھىڭلارنى يوقۇتۇپ قويماڭلار. چۈنكى كانادالىقلار جىمجىت سۆكۈتكە چۆمگەن مىللەتلەرنىڭ ئەمەس، ھەق ۋە ئادالەت ئۈچۈن چۇقان سالغان مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشنى تاللىغان خەلقلەردۇر.

ئالىكس ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى نامايىشقا چىققان بارلىق ھەمرالىرى مېنى ئورىۋېلىشقان ئىدى. مەندىن ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىگى ھەققىدە توختىماي سوئال سورايتتى. مەن بۈگۈن ئۆزەمنى ئىنتايىن مەمنۇنىيەت ۋە خوشاللىق ئىچىدە ھىس قىلدىم.

ئالىكس يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئەسلىدە مەريەمگۈل، ئىپەك يولىنىڭ تاقىلىپ دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى سىلەرنىڭ ئەڭ زور تەلەيسىزلىگىڭلار ۋە بەختسىزلىگىڭلار بولدى. شۇندىن بۇيان تازىمۇ ئىچكىرى بولغان بىر ئىچكى قۇرۇقلۇققا قاملىپ قالدىڭلار. توغرىسى ختاي سىلەرنىمۇ شۇ يەرگە قاماپ قويدى. دۇنيا سىلەردىن سىلەر دۇنيادىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئەمما خاتىرجەم بولغىنكى مەريەمگۈل، يېقىن كەلگۈسدە ئىپەك يولى ۋە تەكلىماكان دۇنيانىڭ ئەڭ قىززىق نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇرلار ھەققدە سۆزلەيدىغان كۆنلەر كېلىدۇ.

ھەير خوش مەريەمگۈل سېنىڭ تىمخورتوندىكى ئىشلىرىڭغا مۇۋەپەقىيەت تىلەيمەن ئالىكس ماڭا يەنە قول ئۇزاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم شۇ قاتاردا ئالىكس باشچىلىغىدىكى نامايىشچىلار قوشۇنىمۇ ماڭا قول ئۇزۇتۇپ مېنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

ئالىكس يەنە ماڭا ئىسىم كارتۇچكىسىنىمۇ بەردى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشلىرى بولغاندا چاقىرشىمنى، ئۆزى ۋە دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالايدىغانلىرىنى،ئۇندىن باشقا ھەر تۈرلۈك ئۇيغۇرلارنى كانادادا تونۇتۇش مەزمۇن قىلىنغان مەدىنيەت پائالىيەتلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش ئويىنىڭمۇ بارلىغىنى ئېيتىپ تىمخورتوندىن ئايرىلدى.

مەن مىيغىمدا مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدۈم. بۇ مېنىڭ راس ۋە سەممى كۈلكەم ئىدى.

## 6ـ بۆلۈم تىمخورتوندا) Téam Work ھەمكارلىشىپ ئىشلەش

ئەينى تىلدا سۆزلەشكەنلەر ئەمەس، بەلكى ئەينى روھنى ئورتاقلاشقانلار ھەمكارلىشالايدۇ.

بۆرىلەر ۋادىسىدىكى قىلتاق فىلمىدىن.

تىمخورتوندا) Téam Work ھەمكارلىشىپ ئىشلەش

5يىل بۇرۇن

سەھەر. بىر سايراشنى بىلمەيدىغان گاچا بۇلبۇلنىڭ قىسقا ـ قىسقا سايرىشىدىن بىئارام بولۇپ ئويغۇنۇپ كەتتىم. چاچلىرىمنى ئارقامغا تۈرمەللەپ، ئۇستۈمگە يىپپىنجامنى ئارتىپ، ئۆيقۇلۇق كۆزلىرىمنى پۇرۇشتۇرۇپ ھويلامغا چىقتىم. ياز مەۋسۇمىنىڭ ھۇشخۇي ھاۋاسى بىلەن بىرلىكتە كىچىككىنە ھويلامغا تەرگەن گۈللىرىمنىڭ پۇراقلىرى قوشۇلۇپ، بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى.ھۇزۇرلانغاندەك بولدۇم. سول قولۇمدا يەپىنجامنىڭ ئالدىنى چىڭ ياپقاچ، ئوڭ قولۇمنى ھاۋالارغا پۇلاڭلىتىپ بۇلبۇلغا كايىماقتا ئىدىم.

ئوھوش.............ھەي كانادانىڭ بۇلبۇلى، شەھرىڭگە مۇساپىر كۆچمەن بولۇپ كېلىپ قويساق، بۇلبۇل كۆرمىگەن بىر مەتو ئوخشايدۇ دەپقىلىۋاتامسەن نىمە؟ يا خەندان ئۇرۇپ سايرا، خۇددى ئىلى ۋادىسىنىڭ بۇلبۇللىرىدەك، يا ئاۋازىڭنى يىغ، ئاللا ...........ئاللا كاناداغا كېلىپ، پۈتۈن ئىشقى بىلەن خەندان ئۇرۇپ سايرىغان بىر بۇلبۇلنى كۆرمىدىم دىسە، ھەممىسلا قىسقاـ قىسقا،ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپلا سايراپ قويۇشقان....ھۇش...........ھۇش...... مەن چالمىلارنى ئېتىپ دىگەندەك بۇلبۇلنى ئۇچۇرۇۋەتتىم.

قېرىندىشىم، مەن ئۇچۇپ كەتكەن بۇلبۇلغا يەنە داۋاملىق خىتاپ قىلدىم قوللىرىمنى پۇلاڭلىتىپ ئارقىسىدىن. بىز نى...نى گۈلـ گۈلۈستانلارنى، نى....نى خەندان ئۇرۇپ سايرىغان بۇلبۇللارنى كۆرگەن جۇمۇ، بۇلبۇل خەندانلىرى بىلەن بۇلبۇل، ئادەم ۋىجدانى بىلەن ئادەم،

سەھەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ بۇلبۇلغا قىلىۋاتقان بۇ شىكايىتىمدىن ئەجەپلەنگەن ھىندىستانلىق ئوڭ قول خوشنام، پاسىل تامدىن بويىنىنى سوزۇپ مەندىن سوردى. ھەي مەريەمگۈل سەھەردە نىمگە قوللىرىڭنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ يۈرۈيسەن.

قارا خوشنام، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرنىڭ بۇلبۇللىرى، سەھەردە شۇنچىلىك خەندان ئۇرۇپ سايرايدۇكى، ئەيھەنناس شۇنچىلىك ھوزۇر ئالىسەن. مەن ئەشۇ بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىشى ئىچىدە تۇغۇلدۇم، ۋە چوڭ بولدۇم. مېنىڭ يۇرتۇمدا يەنە تەمبۇر دىگەن بىر چالغۇ ئەسۋابى بار، شۇنچىلىك مۇڭلۇقكى، بەزەن بۇلبۇللار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەندان ئۇرۇپ سايرىغاندا خۇددى ئەشۇ تەمبۇر ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن. مەن خوشنامغا تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۇچۇن،بەدەن،چىراي ۋە قول ھەركەتلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىمەكتە ئىدىم. ھەي..............قىسقىسى كانادانىڭ بۇلبۇللىرى ھىچ خەندان ئۇرۇپ سايراشنى بىلمەيدىكەن.

دىمەككى سەن، كانادانىڭ بۇلبۇللىرى مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەشۇ شەھەردىكى بۇلبۇللاردەك خۇشناۋا سايريالمايدىكەن دىمەكچى،شۇنداقمۇ؟

شۇنداق خوشنام. مەن كانادانىڭ بۇلبۇللىرىنى ھىچ ياراتمىدىم.

ھەيران قالارلىق.....قارا مەريەمگۈل، مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ يولدىشى قۇشلارنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى شۇنىڭغا ئېيتايلى. بۇ ئەھۋال بەلكىم ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى بىر تەتقىقات نۇقتىسى بولۇپ قالار، قانداق دەيسەن؟

بولىدۇ. چاتاق يوق دىدىم مەن.

ئاندىن بىز مۆۋاپىق بىر پۇرسەت تېپىپ، سەن مەن ۋە مېنىڭ قۇش تەتقىقاتچىسى دوستۇم ئۈچىمىز بىرلىكتە سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەشۇ دەريا بويىدىكى، بۇلبۇللىرى خەندان ئۇرۇپ سايرايدىغان شەھەرنى كۆرگىلى بارايلى قانداق دەيسەن.

بولىدۇ.........ئەمما.........مەن سەل دۇدۇقلىدىم.

نىمىگە ئەمما؟ سوردى خوشنام پىشانىلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

بەلكىم خىتاي كونسۇلى ماڭا ۋىزا بەرمەسلىگى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن ئەنسىرمە مەريەمگۈل، مېنىڭ بىر كىشىلىك هوقۇق ئىشلىرى بويىنچە ئادۇكات دوستۇم بار. شۇنى ئىشقا سالىمىز دىدى ئۇ دۇمبەمگە يىنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ.

مەن خوشنام بىلەن بولغان تاڭ سەھەردىكى بۇ تاتلىق سۆهبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردىم.

بۈگۈن،تورونتو شەھەر مەركىزىدىكى بىر تىمخورتوندىن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈش تەكلىۋى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم.

مەن قارا نېپىز سارجىدىن تىكىلگەن بۇرۇلكامنى، ئاق ئويما ياقىلىق شىپىڭ كوپتامنى كىيىپ، ئەينەك ئالدىغا كەلدىم.

يېڭى ۋەتەندە، ھەممە نىمنى يېڭىدىن باشلاش، تىل ئۆگىنىش، تىمخورتوننىڭ ئارقىسىدىن پايپېتەك بولۇش، يېڭى مەدنىيەتلەر قاينىمىغا شۇڭغۇش ۋە شۇنىڭدەك تۇگىمەس ئاش تاماق ئۆي تازلاش، باللارنى ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ بىر ئايال ئىكەنلىگىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىمغىمۇ ئۇزۇن زامانلار بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

مەن يۈزلىرىمگە شىسەيدو ماركىلىق يۈز مېيىمنى سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇ ماركىدىكى ئاقارتقۇچى ئۇپىنى تەكشى سۈردۈم، لەۋلىرىمگە قىزغۇچ چېچەك رەڭ لەۋسۇرۇق سۈرۈپ، مەڭزىمگە بىر ئاز گىرىم قىلدىم. ئۇزۇن دولقۇنسىمان چاچلىرىمنى ئۈستىگە تۈردۈم. ئۇزۇن بويۇنلىرىمغا قارامتۇل يېشىل كۆزلۈك مىداليۇن، قۇلىغىمغا ئوخشاش رەڭدىكى كۆزلۈك ساڭگىلايدىغان هالقا تاقىدىم. بۈگۈن مەن هەرقانداق بىر چاغدىكىدىن گۈزەل ۋە مەردانە كۆرۈنمەكتە ئىدىم. ئەينەككە قاراپ پىچىرلىدىم ئۆز- ئۆزەمگە، ئىنشائاللا بۈگۈنكى بۇ كۆرۈشۈشتە مېنى تىمخورتونغا ئىشقا ئالا..........

مەن 2- قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيۈمدىن پەسكە يەنى ئاشخانىغا چۈشتۈم. يولدۇشۇم، ئوغلۇم ۋە قىزىم ئەتتىگەنلىك ناشتا قىلىشىۋاتاتتى. ئۈستەل ئۈستىدە مەن تۈنۈگۈن پىشارغان ئۈيغۇرچە قوڭنان ۋە توقاچلار بىلەن بىرلىكتە يەنە كانادانىڭ قىزارتىش ماشىنىسىغا سېلىنىپ قىزارتىلىدىغان يۇمشاق نانلىرى، بىر تەرەپتە نان قىزارتىش ماشىنىسى، قايماق، هەسەل ۋە باشقا نەرسىلەر تۇراتتى. يولدۇشۇم ئۆز چىنىسىگە ئەتكەن چاي ئەتكەچ، ئاپسىنى ۋە ئۆزىنى توختىماي ماختاۋاتاتتى. مۇشۇ ئاپام ئەتكەن چاي ئېتىشكە بەك ئۇستىتى جۇمۇ..........ئاردىن بىر ئىككى سېكنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ ئەتكەن چاينىڭ سۈت ،تۇز ۋە باشقا نەرسىلىرىنى چىنىگە سالغاچ ئاپام خۇددى ئۇرۇكتەك سېرىق ئەتكەن چاي ئېتەتتى......مەنمۇ بەك پەيزى ئېتۈۋېتمەن ئەتكەن چاينى ...........يولدۇشۇم ئەتكەن چېيىنى كۆتۈرۈپ شىرە ئۈستىگە ئېلىپ كەلدىدە، چوڭ نانلارنى قاراس قۇرۇس ئۇشتۇپ چىنىسىغا سېلىپ،چوكا بىلەن چىنىنىڭ ئىچىدىكى ناننى بىرنەچچىنى بېسىپ قويغاندىن كېيىن، ئىچىشكە باشلىدى. ئوغلۇم كىچىك پىچاق بىلەن ۋىلكىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ مۇزىكا چېقارغاچ، قىزارتىش ماشىنىسىغا سېلىپ قويغان نېنىنىڭ قىزىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. قىزىم بولسا بىر قولىدا تېلىفۇنلىرىدا خەت يولللىغاچ، يەنە بىر قولىدا قايماق سۈركەلگەن نېنىنى يىمەكتە ئىدى.

مېنىڭ قاق سەھەردە بۇنداق چىرايلىق ياسىنىپ چۈشكەنلىگىمنى كۆرگەن، ئۈچەيلەن تەڭلا مەن تەرەپكە قارىدى ۋە دەرهال چىرايلىرىدا هەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

ئوهوي.................سەپەر قاياققا بۇ سەهەردە ...........سوردى يولدۇشۇم يۇمۇرلۇق قىياپەتتە.

ئاندىن ئۈچەيلەن بىرلىكتە يەنە،تىم...........خور.................تونغا..................دىيىشتىدە، پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

مەن تېرىكىپ يىرىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئىدىم. شۇنداق بولغىنىمغا قارىماي ئۇلارنىڭ،ئاخشام ئىچىپ ئەخلەت چېلەكلىرىگە تاشلىۋەتكەن، تىمخورتون كوفىسىنىڭ كارتون قاچىلىرىنى تېرىپ ئېلىپ ماڭا قاراپ پۇلاڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز تېلىقىپ كۈلۈشكە مەجبۇر بولدۇم. دىمەككى ئۇلار مېنى تىمخورتوندىن تېخىچە ۋاز كەچمىدى دەپ زاڭلىق قىلىۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا،ماڭدۇ- ماڭدۇ قىرىدىن ئاشالمايدۇ ئۇ نىمە دىدى يولدۇشۇم ئەتكەن چېيىنى سۈمۈرۈپ تۇرۇپ.

ئا..........پا.......م دىدى ئوغلۇم بىلەن قىزىم تېلىقىپ كۈلگەن پېتى. بۇ ئەسنادا كۈلگۈنچەك قىزىم كۈلگەنچە يەرلەردە ئۇلتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇ خۇددى قاتۇرۇپ قويۇلغان كارتون فىلىملىرىدىكى قونچاقلاردەك تېلىقىپ قالغان ئىدى.

قوغلايدۇ، قوغلايدۇ، چاپلىشىدۇ، چاپلىشىدۇ ئۇ كىم؟ سورىدى يولدۇشۇم ئەتكەن چېيىنى يەنە بىر سۈمۈرۈپ قويۇپ.

ئاپ..........ئام.........يەردە كۈلۈپ تېلىقىپ قالغان قىزىمنىڭ، كۈلكىدىن ئاۋازلىرى بوغۇق ۋە غەلىتە چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ئوغلۇم بولسا تىمخورتون قوغلاندى قىلىدۇ، مەريەمگۈل چاپلىشىدۇ دەۋاتاتتى تېلىقىپ كۈلگەنچە.

مەن يولدۇشۇمغا ئاچچىغلاشقا باشلىدىم. ھەممىنى قىلغان سىز. بالىلارغا ئاپىسىنى زاڭلىق قىلىشنى ئۆگەتكەن. بالىلىرىم مەن سىلەرگە دەپ قوياي دىدىم مەن بىگىز بارمىغىمنى شىلتىپ تۇرۇپ، بىز كانادانى بىر شورپا قايناۋاتقان قازان دىسەك، تۆتىمىز بۇ قازانغا تۆت پارچە قىلىپ تاشلانغان چامغۇرمىز...چامغۇر بىلىپ قويۇڭلار....

بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۈچەيلەن تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كېتىشتى. سافادا تېلىقىپ كۈلۈۋاتقان ئوغلۇم، چامغۇرنىڭ بىر پارچىسى تىمخورتوننىڭ سۈيقېشىدىن چىقىدۇ ھەقچان ھا.........ھا..........ھا..........ھې..........ھې.....ھې.......ھى..........ھى........ھى........دىدى.

يولدۇشۇم چامغۇرمۇ؟ چامغۇمۇ؟ دىگەنچە تېلىقىپ كۈلمەكتە ئىدى.

مەن سومكامنى ئالدىمدە ئىشكنى قاتتىق ياپقانچە سىرتقا چىقتىم.

ھەر ھالدا تىمخورتونغا ئىشقا كىرەلمىگەن بولسامۇ، بەك ئۈستا شوپۇر بولمىسامۇ، بىر ماشىنام بار ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ يىلنىڭ يېپ- يېڭى، قارا رەڭلىك ياپونيەنىڭ ئىنفىنىتى ماشىنىسى.

مەن ماشىنامنى ھەيدەپ چوڭ يولغا چىقتىم. سول تەرىپىمدىكى يول بەلگىسى يۇقۇرى سۈرەتلىك تاشيولنى كۆرسۈتۈپ تۇراتتى. مەن ئىككىلىنىپ قالدىم ئەجەبا ئادەتتىكى يولدىن كېتەيمۇ؟ ياكى يۇقۇرى سۈرئەتلىك يولدىنمۇ؟ ئوھوش...........ئادەتتىكى يولدا ھەر كوچا دوقمۇشىدا قىزىل چىراقتا بىر توختاپ، سالام بېرىپ، قاچاندا بارىمەن تىمخورتونغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنى توختۇتۇپ قويغاندىن كېيىنمۇ يەنە بىرمۇنچە يول مېڭىشىم كېرەك.

يۇقۇرى سۈرەتلىك يولدىن كېتىمەن. قارارىمنى بەردىمدە گازغا بىر بېسىپ دىگەندەك، غۇيۇلداپ يۇقۇرى سۈرئەتلىك يولغا كىرىپ كەتتىم. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چوڭ بىر تىراك ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن سائىتىگە 100 كم لىق سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتماقتا ئىدىم. يۇقۇرى سۈرەتلىك يولدا يەنە كېلىپ كانادانىڭ يۇقۇرى سۈرەتلىك يولىدا كېتىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۆز- ئۆزەمدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قاپلىغان ئىدى.

مەن ماشىنامنىڭ ناخشا ئاڭلايدىغان يېرىنى ئېچىپ، ۋەلى داۋۇتنىڭ يۇرتىمىزنىڭ قىزىل گۈللىرى ناملىق ناخشىسىنى بولۇشىغا قويۇپ، تىمخورتونغا قاراپ كېتىۋاتماقتىمەن.

يۇرتىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ قىزىل گۈللىرى،

شېھىتلارنىڭ ئاققان قانلىرى.

مەن ناخشىنى لىنتىغا ئەگىشىپ ئېيتماقتا ئىدىم. ئارلاپ ئارلاپ ئوھۇيت دەپ ۋاقىراپ قوياتتىم ئۆز ئۆزەمگە.

ناخشا بىلەن تەڭ، ئىلى دەريا بويلىرى، پىشايۋانلىق قورۇلار، مەھەللىلەر، مەن ئىشلىگەن ئىشخانىلار، چاخچاق سورۇنلىرى، ۋوي كېلىك- كېلىك مانتا، سامسا پىشتى، قارىغانغا بەرمەيمىز دەپ ۋاقىراۋاتقان ئاشپەزلەر، گىردە ، گىردە دانىسى بىر كوي دەپ ۋاقىراۋاتقان ناۋايلار، قايماق بىر چىنىسى 5 كوي ،دەپ ۋاقىراۋاتقان قايماقچىلار، بىدىكۆكچىلەر، ئۇسما خېنىچىلەر ئىشقىلىپ ۋەتەڭە ئائىت ئەڭ ئۇششاق كۆرۈنۈشلەرمۇ خۇددى خېمىر يېيىش ماشىنامدىن ئاستا يېيىلىپ چىقىدىغان نىپىز خېمىرغا رەسىم سىزىپقوئويغاندەك ، بارغانچە نىپىزلاپ نامايەندە بولماقتا ئىدى.

بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن مەن سەل زىرىكىشكە باشلىدىم. ئوهوش........... خويمۇ چۈمۈلىدەك 100 دە ئالدىرماي ماڭىدىغان يۈك ماشىنىسىكىنا ماۋۇ. مەن ئاستا ئوتتۇردىكى يولغا كىرىپ سۈرئىتىمنى 120 گە چىقىرىپ يۈك ماشىنىسىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم. يۇقۇرى سۈرەتلىك تاش يولدا 120 لىك سۈرئەتتە كېتىۋاتماقتىمەن.

بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن، بۇ لىنىيە سەل قىستالغاندەك بولۇشقا باشلىدى. مەن سول تەرەپتىكى ئەڭ تېز مېڭىشنى خالايدىغانلار ماڭىدىغان 3- لىنىيەگە چىقتىم. بۇ لىنىيەدە يولدىن سەل قىيپاش ئەگىلىپ مېڭىش كۆپ بولغانلىغى ئۈچۈنمۇ بىلمىدىم سەل هودۇققاندەك بولدۇمدە سۈرئىتىمنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدۇم.ئارقامدىن ماشىنىلار قاتتىق سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ كەتمەكتە ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن بىر ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ كانادانىڭ يۇقۇرى سۈرەتلىك تاش يولىدا مېنى ساقچى تۇتۇۋالدى.

120لىك سۈرئەت بىلەن ماڭىدىغان ئەڭ ئۈستى تەرەپتە 90 لىك سۈرئەت بىلەن مېڭىپ يۇقۇرى سۈرەتلىك يولنىڭ نورمال يۈرۈشىگە تەسىر يەتكۈزدىڭىز خانىم، شوپۇرلۇق كېنىشكىڭىزنى چىقىرىڭ خانىم دىدى بىر نەپەر قارا تەنلىك، بىر نەپەر ئاق تەنلىك ساقچى، ماشىنامنىڭ دېرىزىسىگە كېلىپ. ئۇلار ھەممە نەرسىلىرىمنى، كىملىگىم ۋە شوپۇرلۇق كېنىشكام قاتارلىقلارنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، خانىم 600 دوللار جېرىمانە تۆلەيسىز دىدى. 600 دوللارمۇ؟ مەن يەنە بىر قېتىم مۇز يېرىلىپ، دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكىپ كەتتىم ۋە بۇ 2 نەپەر ساقچى ئەمەلدارىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم.

قاراڭ ساقچى ئەپەندىم، مەن ئەسلىدە بەك ئېھتىياتچان ماشىنا ھەيدەيدىغان بىر ئايال ئىدىم، بۇ بىرىنچى قېتىم يۇقۇرى تەرەپكە ئۆتۈشۈم، بۇندىن كېيىن قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇ تەرەپكە ئۆتمەيمەن. ھەم قاراڭ ساقچى ئەپەندىم، ئېڭلىز تىلى بەك تەس تىل ئىكەن ساقچى ئەپەندىم، مەن كاناداغا كەلگەن مۇشۇ چاققىچە ئېڭلىزچە ئۆگىنىۋاتىمەن ھەم مۇشۇ يېشىمدا، تۈنۈگۈن ئېمتىھاندا يەنە نەتىجىلىرىم ئانچە ياخشى چىقمىغانتى، شۇڭا بۈگۈن گاڭگىراپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ قاپتىمەن، ئەسلىدە ............ ئۇ تەرەپتىمۇ ئانچە جىق ماڭمىدىم ئەمدىلا چىقىشىمغا تۇتىۋالدىڭىز ساقچى ئەپەندىم. 600 دوللار جېرىمانە بەك جىق پۇل مېنىڭ ۋەتىنىمدە ئۇ 3600 يۈەن بولىدۇ ساقچى ئەپەندىم.ئۆتۈنۈپ قالاي جېرىمانە قويمىغان بولسىڭىز. بۇ تۇتۇۋېلىشتىن قاتتىق ساۋاق ئالدىم ساقچى ئەپەندىم.

گەپلىرىم بۇ 2 نەپەر ساقچىنى سەل تەسىرلەندۈرگەندەك قىلاتتى. ھەم كانادانىڭ قاتناش ساقچىلىرىنىڭ كۆڭلى يۇمشاق دەپ ئاڭلىغان ئىدىم.

قارا تەنلىك ساقچى قەلىمىنى جېرىمانە يازىدىغان دەپتىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇرغاچ، راس دەيسىز خانىم باشقا تىلنى ئۆگەنمەك بەك تەس. مەن فىرانسۇزچىنى ھازىرغىچە ئۆگىنىپ بولالمايۋاتىمەن ئەمما سىز ئېڭلىزچىنى خېلى ياخشى ئۆگىنىپسىز دىدى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ. بۇ ساقچىنىڭ ئېرىپ قېلىۋاتقانلىغىنى بىلدۈرەتتى. مەن يەنە سۆزلەشكە باشلىدىم. قاراڭ ساقچى ئەپەندىم، مەن يەنە ئۆز ئانا تىلىمدىن باشقا، خىتايچە ۋە تۈركچە تىللارنىمۇ بىلىمەن.

ھە شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا خانىم سىز خىتايمۇ؟

ياق مەن خىتاي ئەمەس ئۇيغۇر.

ئۇيغۇر، ساقچى ئۇيغۇر دىگەن ئىسمنى تەلەپپۇز قىلالماي قىينىلىۋاتاتتى.

ھەيران قالارلىق ،مېنىڭ تۇنجى قېتىم كانادانىڭ يۇقۇرى سۈرەتلىك يولىدا خىتايچە بىلىدىغان باشقا بىر مىللەتنى تۇتۇۋېلىشىم ھەمدە كانادادا سىز تىلغا ئالغان ئۇيغۇر دىگەن مىللەتنىمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم. بوپتۇ خانىم بىر نەچچە تىل

بىلىدىغانلىقىڭىز ھەمدە دۇنيادىكى سۆزلەش ئەڭ تەس بولغان خىتايچىنى بىلىدىغان بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە كەڭچىلىك قىلاي.

رەخمەت ساقچى ئەپەندىم، رەخمەت ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تازا ئالدىراش كېتىۋاتاتتىم. تىمخورتوندا كۆرۈشمەم بار ئىدى.

نىمە خانىم؟ سىز تىمخورتوندا ئىشلەمسىز؟ 2 نەپەر ساقچى قايتىدىن جىددى قىياپەتكە كىردى ۋە مەندىن سوئال سوراش قا باشلىدى.

ئاپلا، ئىشنى بۇزۇپ قويىدىغان بولدۇم. دەپ ئويلۇدۇم ئىچىمدە.

ئۆڭغىچە، قارا تەنلىك ساقچى يېنىمغا، ئاق تەنلىك ساقچى ئارقا تەرىپىمگە چىقىپ ئولتۇردىدە مېنى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

قارا تەنلىك ساقچىنىڭ قارامتۇل ۋە ياكى قوڭۇر رەڭ ئارلاش كەرشىنۋايىغا مايىل، ئېرىنمەستىن ئۇششاق ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچلىرى خۇددى كىگىزنى تىتىپ قايتا ئۆرۈپ قويغاندەك ئىدى. ئۇ ھەممە ئۇششاق ئۆرۈلمىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ رىزىنكە بىلەن ئارقىچىلاپ باغلىۋالغان بولۇپ، ئەگەر چاچنىڭ رەڭگىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ۋەتەندىكى قورۇيمىزنىڭ باغلىرىدا چۈشىدىغان ئۇزۇن جالا جاڭدۇدەك قاتتىق ۋە تۈز ئىدى.

2ساقچىنىڭ چىرايى جىددى تۈسكە كىرگەن ئىدى.

دىمەككى سىز تىمخورتوندا ئىشلەيمەن دەڭ؟ سورىدى قارا تەنلىك ساقچى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن خەنجەردەك تىكىلى،پ تۇرۇپ.

ياق.........ياق....ياق مەن.............مەن ......كۆرۈشمىگە كېتىۋاتىمەن............ مەن دۇدۇقلاپ يۈرۈپ جاۋاپ بەردىم.

ھەئە............تېخى ئىشسىز دەڭ؟ ئۇنداقتا بۇ قىممەت ئىنفىنتى ماشىنىنى قانداق ئالدىڭىز؟ يەنە كېلىپ بۇ يىلنىڭكىكەن خانىم.

ئۇ....ئۇنى مەن چۈشەندۈرەي ساقچى ئوفتىسىر ئەپەندىم.

قانۇنسىز بىر تىجارەت ۋە ياكى باشقا قانۇنسىز يوللار بىلەن كىرىدىغان كىرىمىڭىز بارمۇ خانىم؟ قارا تەنلىك ساقچى سورىدى مەندىن.

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئارقىدا ئولتۇرغان ئاق تەنلىك ساقچى، ئۆيىڭىزدە قورال، نەق پۇل، ئالتۇن دىگەندەك نەرسىلەرنى ساقلامسىز خانىم دىدى.

2ساقچى، خانىم دىگەڭە ئوخشاش سىلىق سىپايە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى كۆپ ئىشلىتىپ تۇرۇپ، مېنى تەرلىتىپ قويىۋاتاتتى.

بۇ..........بۇ.......بۇ مەن گەپنى نەردىن باشلاشنى بىلمەي ئىنجىقلاپ قالدىم.

خانىم بۇ قىممەت ماشىنىنى قانداق ئالدىڭىز؟ ھەر ھالدا تىمخورتوندىن سائەتىگە ئالىدىغان 10 دوللار ئوتتۇراھال مۇئاش بىلەن بۇنداق قىممەت ماشىنىنى ئالغىلى بولمايدىكى؟

شۇ ئەمەسمۇ ئارقىدا ئولتۇرغان ساقچى گەپ قىستۇردى. مەن خىزمەت ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم تىمخورتونغا ئىنفىنتى ماشىنا ھەيدەپ بېرىپ كېلىدىغان بىرسىنى ئۇچۇرتۇشۇم دىدى.ئۇ سۆزلىگەچ ماشىنامنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ھەممە يەرنى قاتتىق تەكشۈرمەكتە ئىدى.

ئىچىمدە ئۆزەمنى مىڭنى تىللىماقتا ئىدىم. توي مەرىيەمگۈل توي، دەل كەت دەيمەن دەپ تۇراتتى. تىمخورتون دىگەن گەپنى چىقىرىپ قويۇپ بالادا قالىدىغان بولدۇڭ. مەن ئىچىمدە توختىماي غۇدۇراۋاتاتتىم.

قاراڭ ساقچى ئەپەندىم. بۇ ماشىنا مېنىڭلا ماشىنام ئەمەس، ئائىلىمىزنىڭ ماشىنىسى، مەن بۇ ماشىنىنى پەقەت بۈگۈنلا ھەيدىدىم، پەقەت بۈگۈنلا. مەن چىرايلىرىمنى پۇرۇشتۇرۇپ مۈرىلىرىمنى قىسىپ ۋە ئۆنىڭغا قول ھەركەتلىرىمنى قوشۇپ دىگەندەك پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، كانادانىڭ يۇقۇر، سۇرئەتلىك 401- نومۇرلۇق تاشيولىدا مېنى تۇتۇۋالغان بۇ ئىككى نەپەر قاتناش ساقچىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدىم.

مەن يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن ئېڭلىزچەمنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىردىمدە، ماشىنامنىڭ تارتمىسىدا ھەر دائىم ئېلىپ يۈرىدىغان، ئېڭلىزچە رەسىملىك لۇغىتىمنى چىقاردىم ۋە داۋاملىق ھالدا رەسىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ساقچىغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

مەن قۇرۇلۇشقا ئائىت ھەممە رەسىملەرنى بىگىز بارمىغىم بىلەن كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ، كۈچۈمنىڭ بارىچە چۈشەندۇرمەكتە ئىدىم.

قاراڭ ساقچى ئەپەندىم، بالىلىرىمنىڭ دادىسى،توپا شېخىل، قۇم، تاختاي، تاش، پەنەركە، بولقا، كۈلۈچ ئەتتۈركە ............بارلىق مۇشۇ رەسىمدىكى نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ ئىش قىلىدۇ.مەن يەنە ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدى تارتمىسىنى ئاچتىمدە ھەر يىلى كانادا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان باج قەغەزلىرىنى چىقىرىپ ساقچىلارغا كۆرسەتتىم.

قاراڭ ساقچى ئەپەندىم، ئائىلەم ھەر يىلى كانادا ھۆكۈمىتىگە مانا مۇشۇنچىلىك باج تاپشۇرىمىز.مەن بولسام ئىنچىل ئېڭلىزچە ئۈگۈنىۋاتىمەن ئۈنى ئاز دەپ نەچچە قېتىم تىمخورتوندىن قوغلاندى بولۇپ كەتكىنىمگە قارىماي يەنە تىمخورتونغا كۆرۈشمىگە كېتىۋاتىمەن، ئىنشا ئاللا تىمخورتوڭھا كىرىۋالسام، كېيىنچە يەنە مۇئاشى يۇقۇرى ئىشلارنى تاپارمەن، ئۇ چاغدا كانادا ھۆكۈمىتىگە تېخىمۇ نۇرغۇن باج تاپشۇرىمىز دىگەن گەپ. قاراڭ ساقچى ئەپەندىم ئەتە تۇغۇلغان كۈنۈم 43 ياشقا كىرىمەن. سىزچە كانادادا بىر 43 ياشلىق كۆچمەن ئايالنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىپ قالماي، ھاياتنى قايتىدىن باشلاشقا تىرىششى ئوڭايمۇ؟

ئوھوي............خانىم ئەتە تۇغۇلغان كۈنۈڭىزمۇ؟ سورىدى قارا تەنلىك ساقچى ھەيرانلىق بىلەن.

ھەئە دىدىم مەن. ئازراق بىر ئۈمۈت تۇغۇلغانلىغىنى ھىس قىلماقتا ئىدىم.

ھەيران قالارلىق، قارا تەنلىك ساقچىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ئارقا تەرپتىكى ساقچىغا بۇرۇلۇپ قاراپ تۇرۇپ، بۇ خانىم مېنىڭ سۆيگەن قىزىم بىلەن ئوخشاش كۈندە تۇغۇلغان ئىكەن. دىدىدە ماشىنامدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئارقىدىن ئاق تەنلىك ساقچىمۇ چۈشۈپ كەتتى.

ئارىدىن 5 مىنۇتچە ۋاقت ئۆتكەن بولسا كېرەك. قارا تەنلىك ساقچى ماشىنامنىڭ سول ئىشىگى ئالدىغا كەلدى. مەن ماشىنام ئىشىگىنىڭ ئەينىگىنى چۈشۈردۈم.ئۇ پىراۋامنى ماڭا ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ، مەريەمگۈل خانىم، سۆيگەن قىزىم بىلەن ئوخشاش كۈندە تۇغۇلغانلىغىڭىز ئۈچۈن سىزدىن ئالىدىغان 600 دوللار جەرىمانىنى كەچۈرۈم قىلدىم. بۇ پراۋىڭىز كەتسىڭىز بولىدۇ دىدى.ئۇ يەنە ماڭا قولىنى ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ، تۇغۇلغان كۈنۈڭىزگە مۇبارەك بولسۇن مەريەمگۈل خانىم، بەختەر ماشىنا ھەيدىشىڭىزگە شۇنداقلا تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالى خوشال خورام ئۆتكۈزۈشىڭىزگە تىلەكداشمەن دىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم ۋە رەخمەت ساقچى ئوفىتسىرى دىدىمدە ماشىنامنى ئوت ئالدۇرۇپ يۇرۇپ كەتتىم.

مانا، مانا ............ئەگەر شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولۇپ قالسا دەل مانا مۇشۇئۇنداق ئايالالرغا كۆيۈنىدىغان قاتناش ساقچىلىرىنى يېتىلدۇرىشىمىز كېرەك. كانادا نىمىشكە بۇنچىلا باي ۋە تەرەققى قىلدى؟ چۈنكى ئايالالرغا ئانىلارغا كۆيۈڭەنلىگى ئۈچۈن...........مەن ئىچىمدە توختىماي ئۆز- ئۆزەمدىن سوئال سوراپ ئۆزەم جاۋاپ بېرىم كېتىۋاتماقتا ئىدىم.

مەن ماشىنامنى قىستا قىستاڭلاردىن خالى، مەن بارىدىغان تىمخورتوندىن 10 مىنۇت يىراقلىقتىكى بىر ماشىنا توختۇتۇش مەيدانىغا توختاتتىم. بۇ دەل تورونتونىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، قاتناش ۋە ئادەملەر قىستا- قىستاڭچىلىغى يۇز بېرىدىغان مەركىزى كوچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

دۇنيانىڭ ھەر جاي ھەر جايلىرىدىن كەلگەن، ئوخشىمىغان ئىرق ئوخشىمىغان دىن ۋە ئوخشىمىغان تېرە رەڭگىدىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە خۇددى، رەڭگارەڭ بوياقلار بىلەن پەدەزلەپ ياسالغان يوغان مۇراسىم تورتلىرىنىڭ ئوتتۇرسىغا، شاكىلى ئاقلىنىپ پاتۇرۇپ قويۇلغان بىر تال بادامدەك، تورونتو كوچىلىرىدا پايپاسلاپ كېتىۋاتماقتا ئىدىم.نىشانىم تىمخورتون ئىدى.

مەريەمگۈل سىنىڭ كانادادا ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن(تېئام ۋورك) يەنى بىر گۇرپا ئادەم بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن خىزمەت تارىخىڭ بارمۇ؟ يەنى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەمسەن؟

بەزىدە ساڭا ئېتىلغان بىر قاش، بىر كۆز قىسىش، بىر تىكىلىپ قاراش،بىر تەبەسسۇم ۋە ياكى ھەرقانداق بىر چىراي ئىپادىسى، ساڭا نۇرغۇن نەرسىلەردىن دېرەك بەرگىنى ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى خاتىرلەتكىنىگە ئوخشاش، ئالدىمدا ئولتۇرغان تىمخورتوننىڭ بۇ باشلىغى سورىغان بۇ سوئال مېنى ئۇيقۇمدىن ئويغاتقاندەك بولدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئىچىمدە بىر بوشلۇق بار ئىدى. ئەجەبا بۇ نىمە بوشلۇق؟ ئۆز ئۆزەمدىن سوئال سورايتتىم، ئەمما تاپالمايتتىم. ۋەتەندىن چەتئەلگە بىر ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا خۇددى قازاندىكى مايغا بىر شۇڭغۇپ ئاندىن ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ، قازاننىڭ گىرۋىگىدىن مۇقىم يەر ئالغان قۇيماققا ئوخشايتى ھاياتىم.

تىمخورتوننىڭ باشلىغى سورىغان بۇ سوئال بىلەن مەن، ئۇزۇندىن بۇيان مەن ئىزلەۋاتقان ئەمما تاپالمايۋاتقان بىر نەرسىنى تاپقاندەك،بىر بوشلۇقنى تولدۇرغاندەك بولدۇم. باشلىقنىڭ بۇ سوئالى بىلەن تەڭ مەن خىياللارغا چۆمدۇم.

ھەر ئادەمنىڭ يۈرىگى ئۆزىنىڭ مۇشتۇمى قەدەر بولىدۇ. مەن ئاستا تىزىمغا قويۇلغۇق ئىككى مۇشتۇمۇمنى تۈگۈپ قاراپ باقتىم. دىمەككى مېنىڭ يۈرۈگۈممۇ مۇشۇ مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتا دىگەن گەپ. ئەمما مەن بۇ يۈرەكتە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىگى، قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزلەپ تاپالمايۋاتقانلىقىقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ھىس قىلماقتا ئىدىم.بۇ مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى يۈرەكتىن تاشقىنلاپ بارغانچە كېڭىيىۋاتقان بىر بوشلۇقنى بۇ ئاجىز بەدىنىمدە يىللارچە كۆتۈرۈپ يۈردۈم.بۇ ئۇزاق مۇساپىلەردە، يەنى مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەشۇ كىچىككىنە شەھەردىن تاكى كانادا تىمخورتونغا كېلىپ توختىغىچە بولغان ئارلىقتا، كۆز شامىلدائۇ يەردىن بۇ يەرگە ئۇچقان، مەنزىل قارارگاھىنى تاپالمايۋاتقان سۈرگۈن يوپۇرماقتەك ئۆرۈلدۈم سوقۇلدۇم، بۇ بوشلۇق، بۇ مەنزىلگاھىنى تاپالماسلىق ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلمەسلىك ئىدى.

كۆڭۈل ئېكرانىمدا خۇددى قاراڭغۇ ئورماندا بىرسى پىلجىكتىر ياققانغا ئوخشاپ كېتىدىغان يالت- يۇلت قىلغان يورۇش ۋە ئوچۇشلەر پەيدا بولدى.

ئۇيغۇر مۇخبىر لار شۇنداق سوئاللارنى سورايتتى.

ئۇيغۇرلاردىكى دۆلەتچىلىك روھىغا قانداق قارايسىز؟

ئاھ...ئاھ ...تۇققۇنۇم نىمە سوئاللارنى سوراۋاتقانسەن. بۇنداق يوغان سوئاللارنى سورىغىچە، ئالدىمدا ئولتۇرغان ماۋۇ تىمخورتوننىڭ باشلىغىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر لاردا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھى بارمۇ؟ دەپ سورىساڭچۇ كاشكى............ئۇيغۇرلاردا تەشكىلاتچىلىق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەمكارلىشىپ گۇرپا بولۇپ ئىشلەشمۇ يوق تۇرسا، سەن قانداقمۇ دەۋلەتچىلىك ھەققىدە گەپ قىلالايسەن.ئاھ... تۇققۇنۇم....ئاھ

مەريەمگۈل سەندە ئەگەر تېئام ۋورك يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش تەجرىبىسى بولمىسا ئەنسىرمە، بىز سېنى تەربىيەلەيمىز.

باشلىقنىڭ بۇ سۆزى خىيالىمنى بۆلىۋەتتى.

تىمخورتوننىڭ مەخسۇس يېڭى ئىشقا كىرگەنلەر ئۈچۈن كانادادا قانداق ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى شۇنداقلا، قانداق ئىشلەشنى ئۆگۈتىدىغان ۋىدىئولىرى بار. بۇ ۋىدىئولار 25 سائەتتىن 30 سائەتقىچە. سېنىڭ مۇشۇ ۋىدىئولارنى كۆرگەن ۋاختىڭغىمۇ بىز ساڭا ئادەتتىكى سائەتتىكە 10 دوللاردىن ئىشلىگەڭە ئوخشاش ھەق بېرىپ سېنى تەربىيەلەيمىز.

ھەمكارلىشىپ ئىشلەشمۇ؟ مەن پىچىرلىدىم ئاستا.

مەريەمگۈل مەن ساڭا كانادادا ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ قانداق مۇھىملىغى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىپ قوياي.

گۈرپا بولۇپ ياكى بىر ئەترەت بولۇپ ئىشلەش كانادانىڭ ئاساسى فونتامىنتىنى تەشكىل قىلغان. مەيلى سودا- سانائەت بولسۇن ، مائارىپ - مەدىنيەت، ئەدىبىيات سەنئەت، ھەربى ئىشلار ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق تۈرلەر تاكى كانادا پارلامىنتىغا قەدەر، گۈرپىلاشقان ۋە ھەمكارلاشقان بىر زەنجىرسىمان باغىنىڭ مەھسۇلى. مانا مۇشۇ زەنجىرلەشكەن باغ كانادانى، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دەۋلەت ھەمدە دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ياشام شەرتلىرىگە ئەڭ ئۇيغۇن دەۋلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققان سىرلارنىڭ بىرى.

تىمخورتونغا كەلسەك، تىمخورتون بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەندىكى چاچتىن تارتىپ، تىرنىغىڭنىڭ ئۇچىغىچە بولغان بارلىق تاشقى ۋە ئىچكى ئەزالىرىڭ ھەتتا بەدىنىڭدىن چىققان ھەر بىر تامچە تەرىڭمۇ،بىر پۈتۈن بەدەننىڭ ساغلاملىغى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىدىغان بولسا، سەنمۇ تىمخورتونغا كىرگەن كۈندىن ئېتىبارەن، يەنى تىمخورتوننىڭ خىزمەت كىيمىنى ئۇچاڭغا ئارتقان كۈندىن ئېتىبارەن، ھەر كۈنى تىمخورتوندا قانچە سائەت ئىشلىسەڭ شۇنچە سائەت،تىمخورتون دەپ نەپەس ئالىسەن. مانا بۇ ھەقىقى كاپىتالىزىم. كانادا ھۆكۈمىتى ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مەھسۇلى.تىمخورتونمۇ شۇ. دىمەككى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش بولمىدى دىگەن گەپ دۇنيا بولمىدى دىگەن گەپ. شۇڭا سەن ئالدى بىلەن قانداق ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك.

مەن قوللىرنى ئارقىسىغا قىلىپ ئولتۇرۇپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلاۋاتقان 1- سىنىپنىڭ ساددە ئوقۇغۇچىسىدەك تىمخورتوننىڭ باشلىغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدىم. پەقەت پەرقىم ئىككى قولۇم تىزىمنىڭ ئۇستىدە ئىدى.

ئارىنى بىر ئاز سۈكۈنات قاپلىدى. باشلىق بىر بوتۇلكا سۇنى گۇپۇلدۇتۇپ ئىچكەندىن كېيىن، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

خوش مەريەمگۇل تىمخورتونمۇ كانادادىكى 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت رەستۇراننىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە ئائىت بەزى قائىدە تۈزۈملەرگە ئىگە. ئەگەر سەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە ماسلىشالماي بۇ ھەمكارلىقنى بۇزۇپ قويساڭ، ئات ھارۋىسىنىڭ بىر يېرىدىن چاتاق چىقىپ ،ھارۋا توختاپ قالغاندەك، تىمخورتوننىڭ تىجارىتىدىنمۇ چاتاق چىقىدۇ ھىچ بولمىدى دىگەندە، خېرىدارلىرىمىزنى قاچۇرۇپ قويىمىز. تىمخورتون ماركىلىق كوفىنىڭ كانادالىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشىدىكى ئاساسلىق سىرلارنىڭ بىرى، تىمخورتوندىكى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش.

ئۇ ھۆججەت سومكىسىدىن بىرقانچە قەغەزلەرنى چىقاردى .بۇلارنىڭ بىرى تىمخورتوندا ھەمكارلىشىپ قانداق ئىشلەش ھەققىدىكى توختام ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىمزا ئېتىشىمنى تەلەپ قىلىپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئىمزا ئاتتىم.

مەن سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي مەريەمگۇل، سەن بىر يەردە ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ساخلاشنى خالامسەن؟

ياق. مەن قىسقا ۋە كەسكىن جاۋاپ بەردىم.

ئەلبەتتە. ھىچكىم ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆچرەتلەردە، قانچە مىنۇتلاپ ئۆچىرەتتە تۇرۇشنى خالىمايدۇ. يەنە كېلىپ تىمخورتوننىڭ خېرىدارلىرى تېخىمۇ شۇنداق.چۈنكى كانادادا ۋاقت دىمەك پۇل دىمەك. شۇڭا تىمخورتوندا ئىشلىگەن ھەر قانداق ۋاختىڭدا قۇلۇغۇڭ توشقانىنىڭكىدەك سەزگۈر،پۇت- قولۇڭ چۈمۈلىدەك چاققان، كۆزلىرىڭ بۈركۈتنەك ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك. باشلىق ئايال چىرايلىرنى ھىچ ئۆزگەرتمەي، تەمكىن ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى. بۇ ئەنگىلىزلارنىڭ خۇي-پەيلى،كۈلۈپ تۇرۇپ ھەممىنى دەۋالىدىغان.

ئەڭلىيە ئەنگىلىزچىسى تەلەپپۇزىداسۆزلەيدىغان بۇ ئايال باشلىقنىڭسۆزىنى چۈشۈنەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەرىجىدىن تاشقىرى دىققەت ۋە جىددىلىك ئىچىدە ئولتۇرغانلىغىم سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بۇ كۆرۈشۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ سىرتقا چىققان ۋاختىمدا، ئىككى مەڭزىم قىزىرىپ خۇددى ھېلىلا ھۆررەم سۇلتان ھاماممىدىن چىققان ئايالغا ئوخشاپ قالغان ئىدىم.

ئاھ مەريەمگۇل، ئاھ مەريەمگۇل، كۆرگىنىڭدىن كۆپتۈر كۆرمىگىنىڭ دەپ، ئامدى سەن كانادادا چۈمۈلە، توشقان ۋە بۈركۈت بولىدىغان بولدۇڭ.......غۇدۇرۇدۇم ئىچىمدە.

ھەمكارلىشىپ ئىشلەش، بەك تەس نەرسە جۇمۇ بۇ...يەنە كېلىپ ئۇيغۇر ئۈچۈن. بوپتۇ قانداق ھەمكارلىشىدىغىنىڭنى ئۆگۈتىمىز دىدىغۇ. مەن ماشىنا توختۇتۇش مەيدانىغىچە بولغان ئارلىقتا، ئۆز- ئۆزەم بىلەن پىچىرلىشىپ كېتىۋاتماقتا ئىدىم.

ئەمما مەن تىمخورتوننىڭ ئايال باشلىغى بىلەن سۆزلىشىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، خۇددى قېتىپ قالغان بىر كومپيۇتۇر ئىشلەپ كەتكەندەك، ئۆزۈن مەزگىل سۈسىز قالغان بىر ئۆستەڭگە سۇ كەلگەندەك، خانتەڭرى چوققىسىغا بايرىغىمىز تاقالغاندەك، 40 كۈڭە سوزۇلغان توپان بالاسى تۈگىگەندە هاياتلىق يەنە بىر قېتىم جىلۋە بىلەن كۈلگەندەك ئىچىمنىڭ يورۇپ، ئۇزۇن مەزگىل تاپالمايۋاتقان بىر تېپىشماقنى تېپىپ دادىسىدىن مۇكاپات ئالغان كىچىك بالىدەك ئۆز- ئۆزەمنى كونترول قىلالماي قالغىدەك خوشاللىق ۋە هاياجانغا چۆمۈۋاتقانلىغىمنى ھىس قىلماقتا ئىدىم. ئۇ خۇددى مەن ئىزلەپ يۈرۈۋاتقان قەلبىمدىكى ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى بىلىپ قالغاندەك، قەلبىمنىڭ تىۋىشلىرىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك بىلىندى. تىمخورتوننىڭ باشلىغىنىڭ سۆزلىرى، قېتىق ئەقلىمنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا دوغاپ قىلىۋەتتى.

ئاھ........مەريەمگۈل، مەريەمگۈل سېنىڭ دەل ئىزلەپ يۈرۈۋاتقىنىڭ، مانا مۇشۇ تىمخورتون

سېنى تەربىيەلەيمىز دەۋاتقان ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ئەمەسمىدى؟ سەن مانا مۇشۇ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىگەننى ئىزلەپ، نەلەرگە بارمىدىڭ ۋاشىڭتون، پارىج، مىيۇنخېن، ئىستانبۇل، ئوتتاۋا دىگەندەك. قايتقۇچە ئايرۇپىلان ئورۇندۇغىدا خۇددى يېڭىلا تىكىلگەن پەمدۇر مايىسسىدەك سولۇشۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆز- ئۆزەڭنى، يۈرۈگۈڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى قانداق تىڭشىغان ئىدىڭ؟ مۇشتۇمدەك يۈرۈگۈڭدە قانداقدۇر سەن يېتىپ بارالمىغان بىر پايانسىز بوشلۇق ۋە بۇ بوشلۇقتا ئوغاق شەكىللىك بىر يوغان سوئال بەلگىسى سېنىڭ ئىچىڭنى تاتىلاپ كەلگەن ئىدى. كىمگە ياخشىلىق قىلساڭ كىم بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولساڭ كىمنىڭ كەتمىنىنى چاپساڭ شۇ ئارقاڭدىن ئۇردى.

مەن خىيال سۈرگەنچە قوساق كۆپۈكلىرۈمنىڭ خۇددى قازاندىن تاشقىنلاپ كەتكەن شورپا شۆۋىگىدەك تاشقىنلاۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدىم. قوساقلىرىم كۆپۈپ كانادانىڭ ھامبۇرگېرىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.ئەنە شۇ تاشقىنلاش سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ساراڭ.............. ھەممىسى ساراڭ..............ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ساراڭ...........ھەممىسى بىر بىرىدىن مەمەدان....................بىر بىرىدىن بىلەرمەن.................بىر بىرىدىن ئاقساقال ئۇ خەق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىگەننىڭ نىملىگىنى بىلەمدۇ؟........بۇ ئۇيغۇر دىگەن مەتۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىگەن،خۇددى خىتاينىڭ جوڭگۇ چۆشگە ئوخشاش، خىيالى ۋە ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق سەپسەتە..........مەن ئەنە شۇنداق تاشقىنلاپ ماشىنامنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىغىمنى سەزمەي قاپتىمەن. مەن ماشىنامنىڭ ئارقا تەرەپ ئىشىگىنى ئېچىپ سومكامنى زەردە بىلەن تاشلاپ، ماشىنامنىڭ ئىشىگىنى يەنە زەردە بىلەن ياپتىم. ئارقامغا بۇرۇلۇشۇمغا، زەنگەر كۆزلۈك بىر ساقچى،ئۆزىڭىز تېچلىقمۇ خانىم؟ دىگەنچە ئالدىمدا تۇراتتى.

تېشلىق................تېشلىق..........ساقچى ئوستېرىڭ ئەپەندىم دىدىم مەن ئىنجىقلاپ.

پراۋىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ خانىم دىدى ئۇ يەنە يولۋاسنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ. چاتاق يوق............چاتاق يوق ئەپەندىم دىدىمدە- دەرھال سومكامدىن پاراۋامنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

كانادانىڭ قاتناش ساقچىلىرى خۇددى كۈلۈپ تۇرۇپ ئادەم چاقىدىغان قىشنىڭ ئاپتىۋىغا ئوخشايتتى.

كانادا قاتناش ساقچىلىرى، كانادا پۇخرالىرىنىڭ بىخەتەرلىگى ئۈچۈن، ماشىنا ھەيدىگەندە ۋە ماشىنا ھەيدەشتىن بۇرۇن شوپۇرلارنىڭ ئاچچىغلانماسلىغىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەگەر كەيپىياتىڭىزدا بىر ئاز نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، يۇقۇرىغا ئازراق ماڭسىڭىز قارشىڭىزغا بىر بانكا چىقىدۇ، شۇ يەردىن ئوڭغا بۇرۇلسىڭىز تىمخورتون بار. كوفى ئىچىۋېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەنسىرمەك ساقچى ئوفتسېرى ئەپەندىم، كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى...........

ماشىنىڭىزدا 911 غا ئۇلۇنۇش كۇنۇپكىسى ياخشى ئىشلەيدىغاندۇ- ھە؟

ھەئە........... چاتاق يوق ماشىنام يېڭى ماشىنا............911 كۇنۇپكىسى ناھايىتى نورمال ئىشلەيدۇ.

تەكشۈرەپ باقسام بولامدۇ خانىم؟

چاتاق يوق............چاتاق يوق........ساقچى ئوفتسېر ئەپەندىم.

ساقچى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پراۋامنى ئېچىپ رەسىمگە بىر، ماڭا بىر قارىۋەتتىدە، پراۋامنى ماڭا ئۇزاتقاچ، سىزگە بىخەتەر يولچۇلۇق تىلەيمەن خانىم، گۈزەل بىر كۈن يار بولسۇن دىدى. سىزگىمۇ شۇنداق بولسۇن ساقچى ئوفتسېرى ئەپەندىم دىدىم مەنمۇ هۆرمەت بىلەن.

ساقچى كەتتى. مەن ماشىنامغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئۆز- ئۆزەمگە يەنە غۇدۇراشقا باشلىدىم.

ئاللا.....ئاللا بۇ ئاداشنىڭ ئاۋۇ يەردە تىمخورتون بار دەپ يول كۆرسۈتۈشلىرىنى قانداق قىلامەن تېخى. تورونتودىكى پۈتۈن تىمخورتونۇڭنى بەش قولدەك بىلىمەناۋاي ئاداشۋاقى................بۇ كانادا قاتناش ساقچىلىرى مېنىلا تۇتامدۇۋۇي............يا قاتتىقراقمۇ ئىشىك ياپالمىغان بۇ هەقنىڭ دەستىدىن..........شەهەر ئىچى دىگەن بۇنداقمۇ جىمجىت بولامدۇۋۇي..........ئانچ مۇنچە، گۈپ....تاراق- تۇرۇق، گالاچ- گۇلۇچ قىلغان ئاۋازلار بولمامدۇ كوچا دىگەندە، ئەگەر شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولۇپ قالسا كانادانىڭ بۇ تۈزۈمىنى ئۆرنەك قىلىشقا بولمايدىكەن. بۇنى دەپتەرنىڭ بىر بۇرجىگىگە خاتىرلەپ قويۇش كېرەك.......

هەپ..........هەپ..........ئەگەر تىمخورتوندا ئىشلەپ جىقراق پۇل يىغىپ قالسام، مۇشۇ تورونتو شەهرىنىڭ مەركىزىدە، يەنە كېلىپ ئەشۇ دۇنياغا مەشهۇر مۇنارنىڭ يىنىدا، مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن، تەخسە ............چىنە، سىركايا دىگەنگە ئوخشاش ئىشقىلىپ چاقىدىغانلا نەرسە بولسا، چېقىپ، ئاچچىغىنى، قوساق كۆپۈگىنى، ۋەتەڭە بولغان سېغىنىش پىراقلىرىنى چىقىرۋالىدىغان بىر ئورۇن ئاچىمەن. كانادا هۆكۈمىتى ئاياللار ئۈچۈن شەلتەرلەرنى تازىمۇ جىق قۇرغاندىن، ئەنە ئاشۇنداق، قانۇنلۇق ئۇرۇپ- چاقىدىغان ئورۇندىن بىرنى قۇرسا بولمامدۇيەي؟ .............ئۇ دارا دەرمان پۇرايدىغان شەلتەرگە كىممۇ باردۇ.

مەن كەتمەك ئۈچۈن، ماشىنامنى ئوت ئالدۇردۇم. ماشىنامدىن ۋەلى داۋۇتنىڭ ئايدىڭ ئاخشام ناملىق ناخشىسى ياڭرىماقتا ئىدى.

ئايدىڭ ئاخشام باققا كىرسەم ئالما پىشىپتۇ،

ئالمىلىرى قىزىلگۈلگە يەرگە چۈشۈپتۇ.

يەرگە چۈشكەن ئالمىلارنىڭ ياپرىغى بولسام،

كۆڭلۈمدىكى شۇ يارلارنىڭ ئامرىغى بولسام.

..................................................

..................................................

مەن ۋەلى داۋۇتقا ئەگىشىپ ناخشامنى بولۇشىغا توۋلىغانچە، كانادانىڭ 401- نومۇرلۇق، يۇقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولى شەرق بۆلىگىگە، سائەتىگە 100كم لىق سۈرئەت بىلەن كىرىپ كەتتىم.

3كۈندىن كېيىن.

كانادادىكى بايلار تىمخورتونلارنى مونوپول قىلىۋالغان. بىر كاپىتالىستنىڭ 4 ياكى 5 تىمخورتونى بار. 24 سائەت ئېچىلىدىغان بىر تىمخورتوندا، 1- قول باشلىق، ئىسمىنا باشلىغى، نازارەتچى، پىشىرىق پىشۇرىدىغانلار ۋە ئىشچىلار بولۇپ تەخمىنەن 50 كە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. ئەمىلىيەتتە كانادانى سىياسەتچىلەر ئەمەس بەلكى بايلار باشقۇرىدۇ.دۇنيانىمۇ هەم شۇنداق. دۇنيا سىياسەتلىرى بايلارنىڭ كۆڭلى ۋە رايى بويىچە تۈزۈلىدۇ چۈنكى دۇنيا ئېختىسادى تىزگىنىنىڭ رولى بايلارنىڭ قولىدا.

مەن مەريەمگۈل ئابدۇراخمان، كەمبەغەللىك ۋە بايلىق ئوتتۇرسىدىكى سىهرى كۈچنى بايقىغان ۋاختىمدا ئىنتايىن كېچىككەن ئىدىم.يېشىم ئاللىقاچان 35 تىن هالقىغان ئىدى.

كەمبەغەللىك خۇددى ئامېرىكىدا پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان قۇيۇن تازىغا ئوخشايدۇ. قۇيۇن تاز سىنى قانداق پېقىرتىپ ئاسمانغا ئاچىقىپ ئاندىن يەرگە تاشلىۋېتىپ، سېنى كۆكۈم تالقان قىلىۋەتكەن بولسا كەمبەغەلچىلىكمۇ سېنىڭ كۆلۈڭنى كۆككە سورۇۋىدىغان قۇيۇن تاز.

كەمبەغەلچىلىك دىمەك، پۇل خەجلىيەلمەسلىك دىگەن گەپ. كەمبەغەلچىلىك يوق بولۇپ كېتىش، باي بولۇش مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق دىگەن گەپ. مەسلەن ئۆيغۇرلاردەك، مەسلەن ياھۇدىلاردەك.

بۇ تىمخورتون 2ـ قېتىم قوغلاندى بولۇپ كېتىپ، باشلىقنىڭ ئىچى ئاغرىپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىشنى قارار قىلغان ئەنە شۇ تىمخورتوننىڭ يەنە بىر شۆبىسى.

بۈگۈن بۇ تىمخورتوندىكى 1ـ كۈنۈم. ئۇچامدا تىمخورتوننىڭ خىزمەت كىيىمى، پۇتۇمدا تېپىلمەيدىغان بىخەتەر ئاياق، بېشىمدا تىمخورتون دىگەن خەت چۈشۈرۈلگەن شەپكە، كۆكرىگىمدە يوغان قىلىپ يېزىلغان مەريەم دىگەن ئىسىم كارتۇچكام بار ئىدى.

سەھەر سائەت 6 بىلەن 7 نىڭ ئارلىغى تىمخورتون ئۇچۇن ئەڭ چاپ- چاپ مەزگىل. مەن تىمخورتونغا يېتىپكەلگەندە، تىمخورتوندىكى ئۆچىرەت تاشقىنلاپ چوڭ يوللارغا قەدەر چىقىپ كەتكەن ئىدى.سىرتتىكى يەنە بىر لىنىيەدە يەنى ماشىنا بىلەن ئۆچرەتتە تۇرۇپ زاكاس ئالىدىغان رايۇندىمۇ ماشىنىلار ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كېتىشكەن ئىدى. ئىسمىنا نازارەتچىسى كېۋىن مېنى بۇ ئەترەتتىكى خىزمەتداشلىرىم بىللەن تونۇشتۇرۇش ئۇچۇن ئېلىپ كىردى. ئىسمىم گوزى، ئانا ۋەتىنىم ئافگانىستان، مەريەم تىمخورتون ھەمكارلىق ئەترىتىمىزگە خۇش كەلدىڭ، سېنى كۆرگەنلىگىمدىن مەمنۇن بولدۇم دەپ قولىنى ئۇزاتتى بىر قىزچاق ماڭا. مەنمۇ مەمنۇن بولدۇم غوزى، دىگەنچە ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇنۇڭ قوللىرىنى سەممىيەت بىلەن چىڭ سىقتىم. ئەسلىدە مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم سېنىڭ ئانا ۋەتىنىڭ ئاۋغانىستان بىلەن تام خوشنا، يەنى خىتاي شىنجىئاڭ دەپ ئاتايدىغان، تارىختا شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتالغان بىر زىمى§ن مېنىڭ جۇغراپىيە بىلەن ئارام دىگەندەك ياخشى ئەمەس، بۇ ئىككى دەۋلەتنى ئەيتاۋۇر ھىمالايا تېغىمۇ ئىشقىلىپ بىر تاغ ئايرىپ تۇرىدۇ دىدىم مەن. ئۇ مەريەم سەن ‘غ’ تاۋۇشىنى نىمدىگەن چىرايلىق تەلەپپۇز قىلىسەن............ كانادالىقلار ‘غ’ تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلالمىغانلىغى ئۇچۇن ئىسمىنى گوزى دەپ ئاتىشىدۇ. ئاۋغانىستانىنىمۇ ئاۋگانىستان دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇ مەريەم تىمخورتون ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ئەترىتىمىزگە يېڭىدىن قوشۇلدى. كېۋىن مېنى يەنە بىر 35 ياشلار چامىسىدىكى يەنە بىر ئايال بىلەن تونۇشتۇردى.

سالام مەريەم، ئىسمىم بىخش، ئانا ۋەتىنىم ئاۋغانىستان، سېنى كۆرگەنلىگىمدىن مەمنۇن بولدۇم. خانىم قىزغىن بىر ئىلتىپات ئىچىدە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مەنمۇ مەمنۇن بولدۇم دىدىن ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابەن.

بىخش ئەسلىدە ئىسمىڭىز بىھىشمۇ؟

ھەئە....شۇنداق سىز ھەجەپ ئىسمىمنى چىرايلىق تەلەپپۇز قىلالايدىكەنسىز ھەمدە، ‘غ’ ھەرپىنىمۇ بەك چىرايلىق تەلەپپۇز قىلىدىكەنسىز. بىھىش ھەيرانلىق ئىچىدە ماڭا تىكىلىپ قارىدى.

بىھىش، سىزنىڭ تىلىڭىزدىمۇ جەننەت دىگەن مەنانى بېرەمدۇ؟ سورۇدۇم مەن ئۇنىڭدىن.

ھەئە شۇنداق. بىھىش پوشتۇ تىلىدىمۇ جەننەت دىگەن مەنانى بېرىدۇ. دىدى ئۇ سەمىمى بىر قىياپەتتە.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىمخورتون ھاياتىمنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا، غوزى ۋە بىھىش ئائىلىسى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتىم. ئىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمى كارۋان يولىدا، غوزى ، بىھىش ۋە مېنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىنىڭ تارىخى ئىزنالىرى بارلىغى ۋە سەلتەنەت سۈرگەن سودا يولىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغانلىغى ، تەغدىر ۋە قىسمەتلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلىقلىغى شۇنداقلا روس ئەسكەرلىرىنى ئانا زىمىنىدىن شۇنچە باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ چىقارغان ئاۋغان خەلقىنىڭ ئامېرىكا تاجاۋۇز قىلىپ

كىرگەندىن كېيىن قانداق چارىسىزلىق ئىچىدە قالغانلىقى ۋە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارىلىپ بىر مىللەتنىڭ قانداق خانىۋەيران بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە كۆپ ھەم سۆھبەتتە بولدۇق.

خىزمەتدىشىم غوزىنىڭ ئاپىسى ئەفسۇن خانىم ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن ياخشى تونۇيدىغان بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ماڭا، مومىسىنىڭ ئىپەك يولى ئارقىلىق سودا تىجارەت قىلىپ، ئاتۇش دىگەن يەردىن كابۇلغا كەلگەن باۋۇدۇن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر يىگىتتىگە ئاشىق بولغانلىقىنى،ۋە بۇ يىگىت بىلەن توي قىلىپ، ئاتۇشقا كەتكەنلىكىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى كابۇلدا ئاخىرلاشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھېكايىنىڭ ئۆز جەمەتى ئارىسىدا قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، گەرچە ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر دىگەن بىر مىللەتنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ،ھەيۋەتلىك بىر تاغنىڭ ئارقىسىدا ئۆزلىرىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر يەردە ياشايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىپ، ئۇيغۇر دىگەن بۇ مىللەت ھەققىدە خىيالى بىر چۈش تونۇشىدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ماڭا ئاجايىپ بىر مېھرىبانلىق بىلەن ھايات نىمە دىگەن تەسەددۇپلار بىلەن تولغان ھە......دەيتى.

نازارەتچى مېنى بۇ تىمخورتونىدىكى ئەتتىگەنلىك ئىسمىندا ئىشلەيدىغان ھەممە خىزمەتچىلەر بىلەن بىرمۇ بىر يۈز تۇرانە سالاملاشتۇرۇپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كانادالىق ئېنگىلىزلار، كۆمۈردەك قۇرغاق قارا، زەيتۇندەك پاقىراق قارا، سۈس قارا...........ئىشقىلىپ دۇنيادا ھاياتىمدا كۆرۈپ باقمىغان ھەممە مىللەتلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چاچلىرى، خۇددى ماگمىدەك يىلتىزىدىنلا بۇدۇر- بۇدۇر يۆگىشىپ چىققان، بەزى ئەرلەر بولسا، قاتتىق دارداىغان چاچلىرىنى 80 قىلىپ ئۆرۈپ ئارقىدىن باغلىۋالغان ئىدى. يىراقتىن قارىسا خۇددى قاتتىقتال چۈپرىنى ئۆرۈپ بېشىغا كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەزىلىرى بىرلا قۇلىغىغا ھالقا تاقىۋالغان بولسا، بەزىلىرى قۇلاقنىڭ تۆشۈگىنى يوغان كۆرسۈتىدىغان غەلىتە بىرياڭزا ھالقا تاقىۋالغان ئىدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى چېچىنى تال- تال قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى ھەجەپ كانادادا ئەرلەر 80 تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدىكەنا توۋا..........

تونۇشتۇرۇش جەريانىدا، مەگگى زىھاڭ ئىسىملىك بىر خىتاينىڭ ئالدىغا كەلدىم. مەرھابا، مەن مەگگى زىھاڭ، ئانا ۋەتىنىم چاينا تونۇشقانلىقىمدىن مەمنۇن بولدۇم. مەنمۇ شۇنداق تەكەللۇپ بىلەن جاۋاپ بەردىم مەن. ئاڭغىچە نازارەتچى كەۋىن ئارىغا كىرىپ سۆز قىستۇردى.

مەگگى، ئەسلىدە مەريەم سېنىڭ دەۋلىتىڭدىن ئەمما خىتاي ئەمەس، سېنىڭ دەۋلىتىڭدىن كەلگەن خىتاي بولمىغان ئۇيغۇر ئىسىملىك بىر مۇسۇلماننى تۇنجى قېتىم تىمخورتونىنىڭ ھەمكارلىق ئەترىتىدە كۆرۈشۈم.

ھە.........شۇنداقمۇ؟ سەن خىتايدىنمۇ مەريەمگۈل؟ سورىدى مەگگى زىھاڭ مەندىن. ئەسلىدە قارىماققا شۇنداقتەك كۆرۈنىدۇ ئەمما مېنىڭ يۈرۈگۈمدىكى جاۋاپنى ئىڭشىماقچى بولساڭ، مەن خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان دىگەن يەردىن كەلدىم، مىللىتىم ئۇيغۇر، ئۇيغۇر دىگەن بۇ مىللەت خۇددى تىبەتلەرگە ئوخشاشلا خىتاي بىلەن مۇستەقىللىق كۆرىشى قىلىۋاتقان بىر مىللەت.

ھە مۇنداق دە. جاۋابىمنى ئاڭلىغان مەگگى زىھاڭنىڭ چىرايى سەل ئۆڭدى. دەسلەپكى ھاياجان ۋە قىزغىنلىقىمۇ ئازراق سوغاق سۇ سېپىلگەندەك بولدى. ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.چۈنكى تىمخورتونىنىڭ ھەمكارلىق ئەترىتى ئۇنداق مۇنداق ئەترەت ئەمەس بولۇپ، ھەمكارلىققا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق مىللى سۈركىلىشلەر تىمخورتوندا رەت قىلىناتتى ۋە ئىشتىن قوغلىنىشقا سەۋەپ بولاتتى.

مەريەمگۈل سەن كانادادا ئوخشاشمىغان مەدىنيەتلەرگە قانداق باراۋەر ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەربىيەلەش ۋىدىئوسىنى كۆردۈڭمۇ؟ سورىدى نازارەتچى مەندىن.

ياق، تەربىيەلەش ۋىدىئوسىنى ئەمدى كۆرۈشكە باشلىدىم تېخى ئۇ يەرگە كېلىپ بولمىدىم.

ياخشى، كانادا، دۇنيادىكى ئوخشىمىغان مەدىنيەتلەر توپلاشقان بىر دەۋلەت. تىمخورتون بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئەگەر سەن بۇ تىمخورتوندا ئىشلەپ كېتىمەن دەيدىكەنسەن چوقۇم ئۆزەڭدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدىنيەت ۋە ئۆرپە ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك دىدى نازارەتچى ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ. ھازىرچە ھەمكارلىق ئەترىتىمىزدە ئوخشاش جىنسىلىقلار يوق ئەمما، بىز يېقىن كەلگۈسىدە ئۇلارنىمۇ ئىشقا ئېلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مەيلى ئەترىتىمىزدىكى بولسۇن، مەيلى خېرىدارلار

بولسۇن ئەگەر ئوخشاش جىنسلىقلارنى كۆرسەك ئۇلارغا ئادەتتىكى خىزمەتدىشىك ۋە ياكى ئادەتتىكى خېرىدارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساق شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك دىدى نازارەتچى كېيىن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

بولىدۇ باشلىق، ئەنسىرمەك باشلىق، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن باشلىق دىدىم مەن باشلىرىمنى ئېگىپ تۇرۇپ.

مەريەمگۈل سېنىڭ مەدىنيىتىڭدە بەدەنگە گۈل چېكىدىغان ئەھۋال بارمۇ؟

ياق باشلىغىم دىدىم كاناداچە كەسكىن بىر قىياپەتتە.

بۇندىن كېيىنكى تىمخورتون هاياتىڭدا، بەدىنىگە گۈل چەككەن خېرىدار ۋە خىزمەتچىلەرنى كۆپ ئۇچۇرتىسەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى ئۇلارغا ھەرگىز ئۆزەڭنىڭ بۇ ئەھۋالدىن يىرگىنىۋاتقانلىغىڭدىن ئىبارەت بىر سەلبىلىكنى چاندۇرۇپ قويماسلىغىڭ كېرەك. كانادادا ھەرقانداق ئىرق، ھەرقانداق مەدىنيەت ۋە ھەرقانداق تالالاشتىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە كەمستىلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ھەممە كانادا پۇخراسى قانۇن ئالدىدا باپ باراۋەر.

مانا بۇ تىمخورتوندا سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تىزىملىغى.

تاتلىق تۇرۇم دونات. تىمبىت،مۇففىن، دەنىش، سىنىنامان رولل،كروسانت، پرەنىك دىگەندەكلەرنىڭ تۈرى 50 كە يېقىن. بېگەل( گىردىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نان) نىڭ تۈرى ئاساسەن 15 خىل، ساندىۋىچلارنىڭ تۈرى 20 دىن ئاشىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ تىمخورتوندا سېتىلىدىغان بارلىق سوغاق ۋە قىززىق ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرى ۋە باھاسىنى يادلىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە 17 تۈرلۈك چاي، ئادەتتىكى كوفى بىلەن بىللە دېكافكوفى ساتىمىز. ئۇندىن باشقا قىززىق چوكولات، قىززىق فىرەنچ ۋانىللا، ئەكسپرەسسو قاتارلىقلارمۇ بار. سوغۇق ئىچىملىكلەر ئىچىدە ياز كۈنلىرى مۇز كاپچىنو، ۋە ھەر تۈرلۈك مىۋە تەملىك سىمۇدىلىرىمىز بار تۈرى ۋە باھاسىنى يادلىشىڭ كېرەك.

بۇ تىمخورتوندا سېتىلىدىغان ھەدىيەلىك مەھسۇلاتلار تىزىملىگى ۋە باھاسى.

بۇ تىمخورتوننىڭ قائىدە تۈزۈملىرى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ ياخشى ئوقۇپ قول قويۇپ ئاندىن ماڭا بېرىشىڭ كېرەك.

بۇ خىميەلىك ۋە خەتەرلىك تازلىق بۇيۇملىرىنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدىكى تۈزۈم بۇنىمۇ ئوقۇپ ئاندىن قول قويۇپ ماڭا تاپشۇرىسەن.

بۇ ئىش ئورنىدا ھاقارەت، كەمستىش مەنئى قىلىنغانلىغى ھەققىدىكى قائىدە تۈزۈم ئوخشاشلا ئوقۇپ ۋە قول قويۇپ ئاندىن ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسەن.

بۇ ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن، شۇنداقلا ھەربىر قېتىم پىلاستىك پەلەينى ئالماشتۇرغاندا، يېڭى ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا چوقۇم قولۇڭنى 20 سېكۇنت ئۇگىلاپ يۇيۇشۇڭ كېرەكلىگى ھەققىدىكى توختام. چۈنكى نۇرغۇن كېسەللەر قول ئارقىلىق باشقىلارغا تارقىلىدۇ.

بۇ ئىش ئورنىدا چوقۇم بىخەتەر ئاياق يەنى ئاستى تېيىلمايدىغان ئاياق كىيىشىڭ كېرەكلىگى ھەققىدىكى توختام.

بۇ يەرنى يۇغاندا، چوقۇم خېرىدارلارغا يەرنىڭ ھۆل ۋە تېيىلغاق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدىغان ئىشارەت بەلگىسىنى ئېنىق كۆرۈلىدىغان يەرگە قويۇشۇڭ كېرەكلىگى ھەققىدىكى توختام ئوقۇپ قول قويۇپ ئاندىن ماڭا تاپشۇرىسەن.

بۇ يىمەك ئىچمەك بىخەتەرلىگى ۋە تازلىغى ھەققىدىكى، بۇ تىمخورتوندا ئېغىر يەشكىلەرنى كۆتۈرگەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدىكى توختام........... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىمخورتوننىڭ قائىدە تۈزۈملىرى قول قويۇشۇڭ كېرەك.

مەن تىمخورتوندىن چىققاندا بىر قۇچاق توختام قەغىزىنى قۇچاغلاپ چىققان ئىدىم.

ھەي مەريەمگۈل............مەريەمگۈل............ تىمخورتونغا كىرىشىپ قالغانغا تويە..........

مەريەمگۈل 1- قول باشلىق ساڭا تىمخورتونىدىكى ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مۇھىملىغى ھەققىدە گەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەنمۇ ساڭا كانادادا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىگەننىڭ قانداق مەناغا كېلىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىمەك ئالدى بىلەن باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇش دىمەكتۇر. مەريەمگۈل سەن كىچ ئۈلاپ يۈگرەپ باققانمۇ؟ ھەئە يۈگۈرگەن ئوتتۇرا مەكتەپتە مەن تېز جاۋاپ بەردىم ئۇنىڭ سوئالىغا. ھەببەللى تىمخورتونىدىكى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ئەنە شۇ كىچ ئۈلاپ يۈگرەشكە ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن بۇ كىچ ئۈلاپ يۈگرەشتە ئۆز رولىڭنى جارى قىلدۇرالمىساڭ، كالتەك پەللىدىكى ئادەمگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. تىمخورتوندا پەللىدىكى ئادەم خېرىدار دىگەن گەپ، خېرىدار دىمەك دوللار دىمەكتۇر كانادادا.

كانادادىكى يەنە بىر دوللار دىمەك مەناسىنى بېرىدىغان نەرسە ۋاقىت. ۋاقىت دىمەك دوللار دىمەكتۇر. ۋاقىت دىمەك تېزلىك دىمەكتۇر. سەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن تىمخورتوننى بىر بەدەن، ئۆزەڭنى شۇ بەدەننى تەشكىل قىلىدىغان بىر ئەزا دەپ چۈشەن. بىز تىمخورتوننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇ ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ساخلاپ قېلىشقا تىرىشىمىز.

مەن ئىچىمدە يەنە غۇدۇراشقا باشلىدىم. ئۇمۇ دەيدۇ تىمخورتون بەدەن سەن بىر پارچىسى بۇمۇ دەيدۇ، تىمخورتون بەدەن سەن بىر پارچىسى..............ئۇففۇ..........ئۇففۇ.

مەن بەزەن غۇدۇراشلىرىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا، يېڭىلا مەكيان باسقان تۇخۇمدەك ساپ ۋە ساددە ھالىم بىلەن، خۇددى ھايات دەرسى تىڭشاۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك، نازارەتچىنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزلىرىنى ئەستايىدىل تىڭشاپ بېشىمنى لىڭشىتماقتا ئىدىم. ھاياتىمدا ھىچبىر نەرسىنى بۇنداق ئەستايىدىل تىڭشاپ باققىنىمنى خاتىرلىيەلمەيمەن.مەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، خۇددى يوغان داش قازاندا ئېتىلگەن نورۇز ئېشىغا قوشۇلغان بىر سىقىم نۇقۇت ۋە ياكى بىر سىقىم بۇغدايدەك تىمخورتوننىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دەيدىغان داشقازىنىغا ئېتىلدىم.

بەزى كۈنلىرى قايناۋاتقان قازانغا بىردىن بىردىن ئۆزۈپ تاشلىنىپ پىشقاندىن كېيىن،قازاننىڭ گىرۋىگىدە، ئاشكۆكى ۋە رەيھانلار ئارىسىدىن مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان بىر چىنە مەمپەردەك ھىس قىلاتتىم ئۆزەمنى.كېيىنكى كۈنلەردە تىمخورتوننىڭ بۇ تۆمۈر قازىنى مېنى شۇنچىلىك پىشۇردى. مەن تىمخورتوننىڭ بۇ ئاغامچىسىغا شۇنداق مەھكەم ئېسىلدىمكى، خۇددى ئىگىز تاققا چىقماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆز ئاغامچىسىغا مەھكەم يېپىشقىنىدەك.

مەن بۈگۈنكى كۆرۈشۈشتىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدىم. بولۇپمۇ تىمخورتون ھەمكارلىق گۇرپىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىغىم، دۇنيالارنى كېزىپ ئۇيغۇر جەمىيىتىدىن تاپالمىغان ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىگەننى تىمخورتوندىن تاپقانلىغىمدىن ئىنتايىن رازى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە خادىملارنىڭ مەن بىلەن شۇنچىلىك قىزغىن ۋە سەممى كۆرۈششى ماڭا تەسىر قىلغان ئىدى.

مەن تىمخورتونىدىكى بىر كۈنلۈك دەسلەپكى تەربىيەلىنىشنى تۈگۈتۈپ، بىر قۇچاق قول قويۇشقا تېگىشلى قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ ئايرىلدىم.

تىمخورتوندىن ماشىنا قويۇش مەيدانىغىچە يەنىلا كۈندىلىك ئادىتىم بويىچە ئۇيغۇرنى ئىچىمدە تىللاپ ماڭماقتا ئىدىم.

ساراڭ ...........ساراڭ بۇخەقنىڭ ھەممىسى ساراڭ. زىيالىسىمۇ ساراڭ، تەشكىلات قۇردۇق دىگىنىمۇ ساراڭ ..........
يەنە بىر نىمىسىمۇ ساراڭ. ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەشكىللات قۇرغىسى بار، ھەممىسىنىڭ ئۆزى باشلىق بولغىسى بار.

مەن ۋەتەندىن بۇ تەرەپلەرگە بىر نەرسىگە چارە ئىزلەپ دەرمان ئىزلەپ يولغا چىققان ئىدىم. ئەمما ھېلىغىچە چارىسىزلىق دوقمۇشلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرمەكتىمەن. بەزەن ئۆزەمنى كىرورەن خارابىلىغىدا يىگانە قالغان دەرەخ كۆتەكلىرىدەك يالغۇز ھىس قىلىمەن. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دىگەن چۆلدىكى ۋىل- ۋىلدەك كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە. يېقىنلاشقاندەك قىلىدۇ،ئەمما ئامگىسەن ماڭىسەن تۇتالمايسەن.

دىمەككى ئۇيغۇرلاردا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش يوق، ئۇنداق بولغانىكەن لىدىر يوق دىگەن گەپ.

**ئۇيغۇرلاردا، پەقەت ۋەتەن مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئەسكەر جەڭچى بار.**

**ئاھ.مەريەمگۈل..............مەريەمگۈل ئۇيغۇرلاردا بىر ھەمكارلىشىپ ئىشلەش بولسا ئىدى ھە؟ تىمخورتونغا ئاققۇزغان تەرلىرىڭنى، شۇ يەرگە ئاققۇزساڭ.**

## 7ـ بۆلۈم تىمخورتوندا ۋەتەن خىيالى.

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا،يەر يۈزىدە تۆنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ خەت يازغان پەيغەمبەر ئىدرىس پەيغەمبەركەن، ئىبى ئاللاھ ئۇلۇق پەيغەمبىرىمىزدىن مىراس قالغان بۇ قەلەمنى چىڭ تۇتۇشقا ۋە كۈچلۈك تەۋرىتىشكە نىسىپ قىلغايسەن.

ئاپتوردىن(

تىمخورتوندا ۋەتەن خىيالى.

هايات خۇددى تىمخورتوننىڭ ئاچچىق قەھۋەسىگە ئوخشايدۇ. قەھۋەنىڭ جىن شەيتاندەك سەت، كېچىدەك قارا، تولغاقتەك ئاچچىق، ئۆلۈمدەك رەھىمسىز بىر تەمى بار. ئاچچىق ۋە سەت قەھۋەنى ئاغزىڭىزغا ئالغان چاغدىكى بۇ چارىسىزلىك ، يۈزلىرىڭىزدە ئىپادىلىنەر، يا تېشىغا پۈركۈۋېتەلمىگەن، ياكى يۇتەلمىگەن خۇددى يا ئۆلۈم يا كۆرۈم مىنۇتلىرىدەك.

ئاچچىق قارا قەھۋە خۇددى قارا پۈركەنجىلىرى بىلەن، ھىچبىر سەۋەپ كۆرسۈتۈشلىرىڭگە پەرۋا قىلماي ئۈستۈڭدە قىلچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قاراپتۇرغان، رەھىمسىز پادىشاھنىڭ جاللاتلىرىغا ئوخشايدۇ.ئەمما سەن بۇ رەھىمسىزنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى بىلىشىڭ كېرەك. خۇددى مىڭ بىر كېچە رىۋايىتىدىكى شەھرىزات بىر تەرەپتىن زالىم پادىشانىڭ ئاغزىغا ھوما، چىلان، ئۈزۈم ۋە ناۋات سېلىپ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخىرى تۈگۈمەيدىغان ھېكايە قىسسەلەرنى توقۇغىنىغا ئوخشاش. سەن قەھۋەنى ئۆز خۇي پەيلىڭ ۋە يۈرۈكىڭنىڭ خالىشى بويىچە شۇنداق قاملاشتۇرۇپ بىر تەڭشەيسەنكى، ئۇ خۇددى شىرىن ئەسلىملىرىڭدەك تاتلىق، بىر قاراشتىلا پۈتۈن ھارغىنلىقلىرىڭنى چىقىرىپ تاشلايدىغان سۆيگەن قىزىڭدەك ھارارەتلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يېتەركى سۈت، قايماق ۋە شېكەرلىرىڭ مول بولسۇن.

ئەسلىدە تەڭشەلمىگەن جىن شەيتاندەك سەت قارا كوفىنى ئىچكەن چاغدىكى چارىسىزلىق بۇ ھاياتتا مەريەمگۈل كۆرگەن چارىسىزلىقلار ئالدىدا ھىچ نەرسىگە كار قىلماس. ئوھوي ..........قانچىلىغان چارىسىزلىكلەرنى كۆرۈپ، قانچىلاپ لەۋلەرنى قاتتىق چىشلەپ، مۇشتلارنى قاتتىق تۈرۈپ، ئۈستەﷲرنى قاتتىق مۇشلىدى مەريەمگۈل بۇ كاناداغا كەلگىچە.

خىتاي ئەسكەرلىرىگە بىر تال تاش ئېتىپ قويغانلىغى سەۋەبى بىلەن، قانچىلىغان قورال‍لىق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانى قىلىنغان 15 ياشلىق بىر ئۇيغۇر بالىغا ئەمدىلا ياردەم قولۇڭنى سوزۇپ، ماشىناڭنىڭ ئىشىگىنى ئېچىشىڭ بىلەن تاڭ قىلغان بىر پاي ئوقتا ئالدىڭغا يىقىلغان بۇ سەبىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چارىسىز ھالىتىنى كۆرگەن چاغدىكى چارىسىزلىغىڭ، قولۇڭنى كۆتۈر، تېرورچىغا ياردەم قىلدىڭ دىگەن تۆھمەتلەر ئالدىدىكى ئۆز- ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرەلمەسلىك چارىسىزلىغى. سۈكۈناتقا چۆمگەن مەھەللىلەردە، تۈنۈگۈنلا شېھىت قىلىنغان ئوگلىنىڭ مېيىتىنمۇ تاپشۇرۇپ ئېلىشقا داھىل بولالمىغان ئانا بىلەن، مەھەﷲ دوقمۇشىدا ئۇچۇرشۇپ قالغان چاغدىكى چارىسىزلىغىڭ..........مەسلەھەت چاي كۈنى، بىر سائەت سۆھبەتلىشىمىز دىگەن بانا بىلەن ئاغىنىلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن نەۋقىران يىگىتنىڭ، ئەتىسى سەھەردە ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن جەستى ئالدىدا قول قوغۇشتۇرۇپ تۇرغان ئەل- يۇرت جامائەتنىڭ چارىسىزلىغى. ھەر توي تۆكۈننى قىزغىن چاخچاقلىرى بىلەن قىزىتىدىغان ئايشەمخان ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن، نېرۋىلىرىدىن كېتىپ دەرۋازا ئالدىدا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى توختىماي تەكرارلاپ ئولتۇرۇپ قالغان ھالىتىنى كۆرگەندىكى چارىسىزلىغىڭ.

ھەر چارىسىزلىق مەريەمگۈل ئۈچۈن خۇددى تىمخورتوننىڭ قەھۋەسىدەك ئاچچىق ھەسرەت ئېلىپ كەلدى. يۈرەك نىمە دىگەن سىرلىق، ئۇلۇق ۋە ئاجايىپ مۆجىزىلىك نەرسە- ھە! مۇشتۇمدەك بولغىنى بىلەن شۇنچە نۇرغۇن ئاچچىق- ئاچچىق چارىسىزلىقلارنى سىڭدۈرەلەيدىكەن.يەنە بىرلا ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئالەمشۇمۇل بوشلۇقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىكەن، خۇددى ھاياتلىق سۇ تۇپراق ۋە بوشلۇقتىن تەركىپ تاپقاندەك.

مەريەمگۈل ۋە ئۇنىڭ دوستى زەينەپلەر ئۆز ۋاختىدا ئۆز شەھرىنىڭ ئەڭ غۇرۇرلۇق، ئەڭ بالدۇر ئويغانغان، ئۆزىدىن ھالقىپ ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ مەسىلىلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىلغار قىزلاردىن ئىدى.فېبرال ئايلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قار لەپىلدەپ

يىغىۋاتقان قاتتىق سوغۇق بىر كۈنى، نوركا ياقىلىق سوكنى پەلتۇ ۋە نوركا قۇلاقچا كىيىشكەن 5 جۈپ قىز يىگىت، زەينەپ بىلەن جەسۇرنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆز ئارا ئاددى ئۆتكۈزۈپ، كۈلكە چاقچاقلار ۋە ئاكاردىيۇنغا تەڭكەش قىلىنغان جىرلار بىلەن، بۇ بىر جۈپ ياشنى سانجاق- سانجاق مەھەللىلەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرسىگە جايلاشقان، يوغان پىشايۋانلىق قورۇدىكى سەرەمجان بىر ئېغىزلىق ھوجرىغا كۆچۈرۈپ قويۇشتى.

ئاپپاق پەردىلەر، چامدان ۋە ساندۇق ئۈستىگە يىپىلغان رىشلىيە ئىشلەڭەن ياپقۇچلار، ساندۇق ئۈستىگە رەتلىك تىزىلگەن يوتقان ۋە ھېكەندازلار، ئوتقاشتەك خوتەن گىلەملىرى شۇنداقلا چۆيۈن مەشتىن كېلىۋاتقان ئىسسىق ھارارەت قوشۇلۇپ بۇ كىچىككىنە قىز ھوجرىسىنى تېخىمۇ ھارارەتلىك كۆرسەتمەكتە ئىدى. مەريەمگۈل زەينەپكە ھەم قولداش بولغان ئىدى.

ئاھ ........بىباھا، تەرپلەش قىيىن بولغان ئاپال قەلبى. ھەمدە ئۇيغۇر ئاياللىنىڭ قەلبى. بۇ تەرپلەش قىيىن بولغان قەلبكە بىر ئەركەك قەلبى يەرلەشتىمۇ بولدى، ئاپال قەلبى شۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ، شۇنىڭ ھەسرىتىنى باغرىغا تېڭىپ ياشايدۇ. لېكىن ئەرلەر ئۇنداق ئەمەس، بىر ئەركىشى بىر ئايالنى سۆيگەن تۇرۇقلۇق، مۆرتى ۋە پۇرستى كېلىپ قالسا، ياندىكى باشقا بىر ئايالالار بىلەنمۇ ئۆز ئىچ پۇشىغىنى ناھايىت ئوڭايلا ھىچ ئويلاشماي چىقىرالايدۇ.

ئەمما يەنە بىر نۇقتىمۇ باركى، بىر ئەر كىشىنىڭ قىزىقىدىغىنى مىڭ، قوغلاشقىنى بىر بولىدۇ.

ئۇ تەرپى گۇئاڭجۇ- شاڭخاي، بۇ تەرپى ئالماتا قىرغىزىستانلاردا قاتراپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغان جەسۇرنىڭ، دەرھەقىقەت ئالماتا، بىشكەك ۋە تاشكەنتلەردىكى ناز كەرەشمە ئاياللار بوستانلىقلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشى تەسكە توختىغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئەمما قەلب تۆرىدە ھەر ۋاقت زەينەپنى ساخلىدى.

قىز بىلەن يىگىت ئۆز ھوجرىلىرىغا كۆچۈرۈپ كىرىلىپ قائىدە بويىچە بىر پەدە چاخچاق بولغاندىن كېيىن، جەسۇر بىلەن زەينەپنىڭ دوستلىرى قايتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

مەريەمگۈل شۇ چاغدا جەسۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى- دە، ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى.ماڭا قارا جەسۇر، ئەگەر بۈگۈندىن ئېتىبارەن دوستۇم زەينەپنىڭ كۆزىدىن بىر تال ياش ئاققۇزىدىغان بولساڭ، ئۇنى ئۆي ئايالى قىلىپ تاشلاپ قويۇپ، ئۆزەڭ ھېلىقى نامى مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈرۈيدىغان بولساڭ، مەن ساڭا ساۋاقدىشىم، مەلەدىشىم، يىراق بولسىمۇ تۇققۇنۇم دەپ يۈز خاتىرە قىلمايمەن بىلىپ قوي، ئۇ چاغدا ساڭا دەيدىغان 4 ئېغىز گېپىم بار دىدى قوللىرىنى يېنىك شىلتىپ چاخچاق ئارىلاش.

ئاللا............ئاللا....تۆت ئېغىز گېپىڭگە يەنە 2 ئېغىزنى قوشۇپ 6 ئېغىز قىلىۋەتكىنە مەريەمگۈل، بىراقلا جىق - جىق ئاڭلاپ، بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتەي ... بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن جۇمۇ پۇت قوللۇرۇم تىترەپ كېتىۋاتىدۇ سىنىڭ ئۇ 4 ئېغىز گېپىڭنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا......

بۇ ئىككى نەپەر ساۋاقداش ۋە دوستلارنىڭ ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان دىئالوگلىرىدىن ئەتراپىدىكى قەدىناس دوستلار كۈلۈشمەكتە ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

ماقۇل............ماقۇل....... مەريەمگۈل مەن دوستۇڭنىڭ كۆزىدىن ئاققان ھەر بىر تال ياشنى ساناپ، ساڭا ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ دوكلات سۇنىمەن ھەر كۈنى. سەن بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول..........جەسۇر بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك يۇمۇرلۇق سۆزلىدىكى ئۆي ئىچىدىن كۈلكە قىقاس چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە بىر قېتىم چاخچاق باشلىنىپ كەتتى.

ئەسلىدە مۇشۇ ئولتۇرغان خانىملارنىڭ ھەممىسى، ئوتتۇرا ئاسىياغا سېنى تىڭتىڭلىغىلى چىققان زەينەپنىڭ ساقچىلىرى..........ۋەيت.......

مەريەمگۈل، بۇ ئاپال ساقچىلارنىڭ باشلىغىكەن....باشلىغى ۋەيت............

ئالماتاغا سومكىچىلىق قىلغىلى چىققان ئاياللارغا ھەرگىز ئۈچۈر بەرمەسلىگىمىز كېرەككەن ئاغىنىلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەريەمگۈل قۇرغان ئاپال ساقچىلار ئەترىتىنىڭ ساقچىلىرىكەن ۋەيت....

ئاغىنىلەر بۇ قېتىم سورۇننى سەل يىراقتا تاشكەنت تەرەپكە يۆتكىمىسەك، ئالمۇتا ئىشەنچلىك بولماي قېلىۋاتىدۇ. قەدىناس دوس يارەنلەر كۈلكە ۋە چاخچاقلار بىلەن بۇ يىغىلىشنى قۇرۇلغان ئىسسىق ئۆۋىدىن ئايرىلغاندا كىچە سائەت 12 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

لەۋ ئىنسان ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئەزا. لەۋ سۆيگۈ مۇھەببەت ۋە ساداقەتكە تۈنجى تامغىسىنى ئۇرغان ئەزا.لەۋ يەنە، سۆيگۈنىڭ چىنلىقىغا گۇۋالىق بەرگۈچى ساپ تىنىقلار، يۈرەكنىڭ دۈپۈلدەپ تەڭكەش قىلىشى، ھاياجاندىن تىترىگەن بەدەننىڭ ھەمراھلىقى ۋە گۇۋالىق بېرىشى بىلەن دۇنيانى سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ گۈزەلﷲشتۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتكە ئىمزا ئاتقان ئەزا. لەۋ سۆيگۈگە بېسىلغان تۈنجى قەدەم ۋە ئاخىرقى قەدەم. لەۋ بۆگۈنكى تاتلىق كېچىنىڭ ھەير-خوشى، لەۋ يەنە ئىككى يۈرەكنىڭ تاڭ سەھەردىكى مەرھاباسى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن زېمىنغا قوغلاندى قىلىنىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جۇدالىقتىن كېيىن، ئەرافات تېغىدا ئۇچراشقاندا ئۆز خىزمىتىنى باشلىغان لەۋ، ھازىرغا قەدەر دۇنيانى سۆيگۈ مۇھەببەت بىلەن زىننەتلەشكە ئاز بولمىغان ئەجىرلەرنى سىڭدۈرۈپ كەلدى. ھوجرىدىن پەس ئاۋازدا چېلىنغان تەمبۇر مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ، بۇ ئىككى ئاشىق مەشۇقنىڭ گۈزەل سىمپونىيەلىرىگە يەنە بىر ئاكورت قوشۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. جەسۇر، تۇزلا قىلغان بىرەر ئېغىز گەپ سۆزى، بىلىپ بىلمەي شەھلا كۆزلۈك خانىملارغا بىر تەبەسسۇم قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن كۆپ قېتىم زەينەپ تەرىپىدىن ئېغىر جازالارغا تارتىلغان، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز- ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي، كۆپ قېتىم لال بولغان ئىدى.ئەلبەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەكتە چۈنكى ئاشىقنىڭ كۆڭلى نازۇك.ئۇنى ئاز دەپ زەينەپنىڭ مەريەمگۈل ئىسىملىك ھولمىستەك رازۋېتچىك دوستى بولۇپ، ماڭا قارا جەسۇر ئەگەر دوستۇمنى بوزەك قىلىدىغان بولساڭ...............دەپ كوتۇلداپ چىقاتتى بىر ياقلاردىن. جەسۇر يۇقۇرقىدەك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، يەنە بىر ئېغىز سۆز ۋە بىر ھەركەتنى خاتا قىلىپ قويۇپ بۇ غورۇرلۇق قىزنى توي كېچىسىدە خاپا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. جەسۇر بىلەن زەينەپ بۇ كىچە، ئەنە ئەشۇ سۆيۈملۈك ۋە نامسىز شۇنداقلا يازغۇچى شائىرلار قەلىمىدە كۆپ تەرىپلەنمىگەن لەۋنىڭ ئەلچىلىكىدە بىر بىرىگە تامامەن تەسلىم بولۇشقان ئىدى.

تاڭ سەھەر، جەسۇرلارنىڭ دەرۋازىسى ئەنسىز ۋە قاتتىق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئەنسىز ئۇرۇشلار سەھەر جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ پۈتۈن مەھەللىنى سەراسىمىغا سېلىۋەتتى. بىر ماشىنا قوراللىق خىتاي ئەسكىرى، جەسۇرلارنىڭ ئۆگزىلىرى، ھەتتاكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەھەﷲ دوقمۇشىغا قەدەر قورال تەڭلەپ تۇرۇپ جەسۇرنىڭ قوللىرىغا كويزىلار سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى.

قاتتىق سوغۇق ۋە شۇۋىرغان ھۇۋلىماقتا. جەسۇرنىڭ تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنىشى بىلەن توينىڭ چىللاق ۋە باشقا نەرسىلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھەممە چارىسىزلىق ئىچىدە نىمە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي گاڭگىراشماقتا ئىدى. ئارىدىن 3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، جەسۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھۆكۈمەت تەرەپتىن، جەسۇرنىڭ شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنلىگى،ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى پارچىلاشقا ۋە تېرورلۇق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇرۇنغانلىقى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ماتىريال تاپشۇرۋالدى.

ئەي چارىسىز شەھەر، ئەي بىچارە چارىسىز خەلق. ئۇلارنىڭ نە بارىدىغان قازىسى ياكى قانۇنى، نە تۇتىدىغان ئادۋۇكاتى بار. ئۇياقتا تېپىرلىدى بۇياقتا تېپىرلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنىڭ راس ياكى يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەركەت قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى.

مەريەمگۈل، دوستى زەينەپ ۋە جەسۇرنىڭ ئاتا ئانىلىرىنىڭ بۇ ئېغىر كۈنىدە ئۇنىڭ يېنىدا بولدى.

مەريەمگۈل ۋە جەسۇرنىڭ بارلىق دوست بۇرادەرلىرى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ساقچى قاتارلىق ئورۇنلارغا قاتراپ، جەسۇرنىڭ ئىز دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەركەت قىلدى. ئەمما جەسۇرنىڭ قايسى تۈرمىگە قامالغانلىقى ھەققىدە زەررىچىلىكمۇ ئۇچۇر ئالالمىدى. بۇ ئىش ئۇيغۇر ساقچى ۋە ئۇيغۇر باشلىقلاردىنمۇ ئىنتايىن مەخپى تۇتۇلغان ئىدى.

قەھرىتان قىش كېتىپ باھار كەلدى.بىر كۈنى سەھەردە مەريەمگۈلنىڭ تېلېفۇنى چېلىندى.تېلېفۇن ئۇرغان مەريەمگۈلنىڭ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشى سادىق ئىدى. ئۇ بۈگۈن بۇ شەھەردە يىپىق سوت ئېچىلىدىغانلىقى ئەمما يىپىق سوت ئورنى ئىنتايىن مەخپى تۇتۇلغانلىقىنى،ئۆزلىرىگە ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن شەھەرنىڭ بىخەتەرلىگىنى قوغداش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىنى، بۈگۈنكى بۇ يىپىق سوتتا بەلكىم جەسۇرنىڭ سوتلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئېيتىپ تېلېفۇننى قويۇۋەتتى.شەھەر ھەر يەرگە قويۇلغان قوراللىق چارلاش ئەترەتلىرى سەۋەبىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى.

كېچىلەردە ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن خىتاي قوراللىق قىسىم ساقچىلىرى ياشلارغا يوقلاڭ تۆھمەتلەرنى چاپلاپ تۇتقۇن قىلماقتا ئىدى. ئىزدىرەكسىز يوقاپ كەتكەن ياشلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئاشماقتا ئىدى.

مەريەمگۈل دەرھال تېلېفوننى قويۇپ، بۇ ئەھۋالنى زەينەپ، جەسۇرنىڭ ئاتا ئانىسى ۋە ئاغىنىلىرىگە تېلېفون بىلەن ئۇقتۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ خەۋەر ئىنتايىن تېزلىكتە جېسۇرنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالالمايۋاتقان بارلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈلدى. يېپىق سوتنىڭ ئەتىسىگەندە ئېچىلىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 30′7 دا مەريەمگۈل بىلەن زەينەپ ئىككىسى ئۇچۇرشۇپ،ۋەلسىپىت بىلەن چىپىپ يۈرۈپ، يېپىق سوت ئېچىلىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق مېھمان سارايلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى.بۈگۈن شەھەر كوچىلىرىدا ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپەيگەنلىكى، شۇنداقلا، چىقىراپ ئۆياق بۇياققا ئەنسىز ئۆتۈپ تۇرۇشلىرى، يول يوللاردا قۇرۇلغان توساقلار بۈگۈن بۇ شەھەردە ئۇيغۇر تارىخىغا تامغىسىنى ئۇرىدىغان، جاللات ياڭزىشىڭ، جاللات شىڭشىسەيلەر بۇ زىمىندا كۆپ قېتىم سادىر قىلغان، يەنە بىر زور ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىغىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز، ساقچى ماشىنلىرى چىقىرغانچە، بىر يۈنۈلۈشكە يەنى شەھەرلىك كونسۇل مېھمانخانىسى تەرەپكە قاراپ چېپىشقائا باشلىدى .مەريەمگۈل ۋە زەينەپ شۇنىڭدەك ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالالمايۋاتقان ئاتا ئانىلار توپمۇ، توك كالتەكلىرنى كۆتۈرشۋالغان ساقچىلارنىڭ قاتتىق توسۇشلىرىغا قارىماي، كونسۇل مېھمانخانىسى تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئەتتىگەن سائەت 11.30 بولغان چاغلار بولسا كېرەك، ئوچۇق سوت ئاخىرلىشىپ، ئىچىگە لىق قوراللىق ساقچىلىرنى سالغان، قوراللىق ساقچى قىسمنىڭ چوڭ، كوزۇپلۇق ھەربى ماشىنلىرى كونسۇل مېھمانخانىسى تەرەپتىن چىقىشقا باشلىدى .ئالاھەزەل 5 ياكى 6 گە يېقىن ماشىنا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئوچۇق سوت قىلىنغان ئۇيغۇر ياشلىرى سېلىنغان ھەربى ماشىنا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ئارقىغا چىپكىنىڭ،ئارقىغا چىپكىنىڭ، خىتاي ساقچىلىرى شەھەر كوچىلىرىغا سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىنى چەتكە ئىتتىرىپ يول ئاچماقتا ئىدى. ھەربى ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 7 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى سېلىنغان بولۇپ، ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە جەسۇر 2 نەپەر خىتاي ئەسكىرىنىڭ قاتتىق قامال قىلىشى بىلەن چارىسىزلىق ئىچىدە، كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا شەھرىگە تويماي باقماقتا ۋە بۇ كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ئىزلىمەكتە ئىدى.

شۇ ئەسنادا شەھەر خەلقى ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ، ھەربى ماشىنا چىقىۋاتقان دەرۋازا تەرەپكە بوينىنى سوزۇپ، تەشۋىش ۋە سەراسىم ئىچىدە قاراۋاتقان زەينەپ، ئۆلۈم جازاسى تاختىسى ئېسىلغان جەسۇرنى كۆردى، زەينەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا جەسۇر، جەسۇر دەپ ۋاقىرغاچ ھەربى ماشىننى ئەگىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. مەريەمگۈل ۋە بارلىق بۇ كوچىغا توپلانغان كىشلەر، ئۆلۈم جازاسى مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلغان بۇ قاتىللار ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن توختىماي ئەزىمەتلەرنىڭ ئىسمىنى ۋاقىراپ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا جەسۇر بىلەن زەينەپنىڭ كۆزلىرى ئۇچۇرشۇپ قالدى. زەينەپنىڭ بېشى پىررىدە قايغانلەك بولدىدە- ھۇشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. ئاھ چارىسىزلىق. زەينەپ ھامىلە ئىدى.

بۇنداق ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن شەھەر خەلقى پات - پات ئۇچۇرشۇپ تۇراتتى.بۇنداق چاغلاردا خەلق، زالىم پىرەۋىن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قوغلاپ كېلىپ قىزىل دېڭىز گىرۋەكلىرىدە قاپسىلىپ قالغاندا، قىزىل دېڭىزنىڭ ئىككىگە يېرىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى پىرەۋىندىن قۇتۇلدۇرغانلەك بىر مۆجىزىنىڭ پەيدا بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

7نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنى ئېلىپ دەريا بويىدىكى ئىجرا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان خىتاينىڭ ھەربى ماشىنىسى، شەھەردىك ئاساسلىق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن سولغا قايرىلىدىدە سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە باشلىدى. كىشىلەر توپى، ياتقان يېرىڭلار جەننەت بولسۇن شېھىتلەر، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇق دەپ يۈگۈرگەنچە، ئەزىمەتلەرگە قول پۇلاڭلاتماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا، تا...تا ....تات قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خىتاي ئەسكەرلىرى خەلقنى ئوققا تۇتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەريەمگۈلمۇ بار ئىدى. 2 كىشى ئۆلدى. 3 كىشى ئېغىر يارىلاندى. ئوق مەريەمگۈلنىڭ مۈرىسىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، يېنىك

يارىلاندى.ئۆلگەنلەر تېرورچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا، مېيىت يۇيۇلۇپ ئائىلە ئەزالىرى بىلەنلا نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن يەرلىكگە خۇپىيانە قويۇلدى. نەزىر چىراق ۋە ھېچقانداق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. مەھەللە ۋە زەرەتكالىق 3 ئايدىن 6 ئايغا قەدەر خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىق نازارەت قىلىشى ئاستىدا بولدى.

5يىلدىن كېيىن.

ياز ئايلىرى، ئىگىز پىشايۋانلىق، ئۈزۈم باراڭلىق، ھەر خىل گۈل چىچەكلەر بىلەن تولغان ئازادە ئۇيغۇر قورۇلىرى. قورۇدا 5 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئويۇنچۇقلىرىنى ئوينىماقتا. بۇ جەسۇرنىڭ ئوغلى جەۋلان ئىدى. پىشايۋان ئۈستىگە قويۇلغان ئۈستەلدە 2 نەپەر قەدىناس دوست چاي ئىچكەچ پاراڭلاشماقتا ئىدى. بۇ ئىككەيلەن، مەريەمگۈل بىلەن زەينەپ ئىدى.

ئاداش مەن كېلەر ھەپتە تۈركىيەگە ماڭماقچىمەن دىدى مەريەمگۈل ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.نىمە دەيدىغانسەن ئاداش، سەن مېنىڭ بىردىن بىر تەسەللىچىم ئىدىڭ، ئەمدى سەنمۇ كەتسەڭ مەن بۇ يۇرەك يارىسى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىدە قانداقمۇ ياشارمەن دىدى زەينەپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

ئاداش كۆڭلۈڭنى بۇزما، بىز ھاياتىمىزنى بۇنداق سولۇنۇپ قالغان ھالەتتە زايە قىلماسلىغىمىز، بىر ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. ئىككى دوستنىڭ چىرايى جىددى تۈس ئالغان ئىدى.

ئاداش، مەريەمگۈل ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن بىر قۇر سەپسىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، زەينەپنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا، ئاداش مەن بۇ ئۈستى ئوچۇق تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ زىمىندا يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنى دۇنياغا ئاڭلىتىش قارارىغا كەلدىم.ئارىنى ئازراق جىددى بىر سۈكۈنات قاپلىدى ئاندىن مەريەمگۈل يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئاداش جۇغراپىيەلىك ئورنىمىز شۇنداق ناچاركى تولىمۇ ئىچكىرى بىر ئىچكى قۇرۇغلۇقتا قاپسىلىپ قالدۇق. بۇ يان تەرىپىمىزدە شانغائى ھەمكارلىق تەشكىلاتى دەپ ئاتىلىدىغان ئۈزۈنغا سوزۇلغان بىر سىم توساق سوزۇلۇپ ياتىدۇ. شۇڭا مەن ھاياتىمنىڭ قالغان بىر قىسمىنى ئۇيغۇر داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش بىلەن ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدىم.

زەينەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدىناس دوستىنى چىڭ قۇچاغلىدى. ئىككى دوست كۆز يېشى قىلىشتى.شۇ دەملەردە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن باللىق ئەسلىملىرىگە ئائىت ھەممە نەرسە خۇددى كىنو ئېكرانلىرىدىكىدەك بىرمۇ بىر ئۆتمەكتە ئىدى.

ئاداش بىز جىممىدە سۈكۈت قىلىپ ئۆلۈپ كەتمەسلىگىمىز كېرەك دىدى مەريەمگۈل قەدىناس دوستىنىڭ ئالقانلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

ئاداش مەن نىمىمۇ قىلىپ بېرەلەرمەن، مەن گەرچە تىرىك ياشاۋاتقان بولساممۇ، ئەمما روھىم ئاللىقاچان جەسۇر بىلەن تەڭ ئۆلۈپ بولدى دىدى زەينەپ كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىغى بىلەن سۈرتكەچ. مېنىڭ ھايات قېلىشتىكى بىردىن بىر سەۋەبىم پەقەت جەۋلان ئۈچۈن دىدى ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ.

ئۇنداق دىمە دوستۇم.بىز قىلىدىغان ئىشلار نۇرغۇن. سەن توي تۆكۈن ۋە نەزىر چىراقلاردىن پايدىلىنىپ، پەقەت شەھەر بويىچە قانچىلىك ئۇيغۇر ياشنىڭ يوقىلاڭ تۆھمەتلەر بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىغى، قانچىلىك ياشنىڭ تۈرمىلەردە ئىكەنلىگى ۋە يەنە قانچىلىك ياشنىڭ ئىز دىرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىگىگە ئائىت بىرمۇ بىر ئۇچۇر توپلا. تاما تاما كۆل بولۇر دىگەندەك سەن توپلىغان بۇ ئۇچۇرلار بىردىن بىردىن يىغىلىپ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ بىر ماتىريالغا ئايلىنىدۇ كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە توپلا. توي تۆكۈن ۋە نەزىر چىراقلار شۇنىڭدەك ئاياللار يىغىلىشلىرى سەن ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت .شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى ئاداش بۇ ئۇچۇرلار زالىمنىڭ زۇلمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چەكتىن ئاشقانلىغىنى بىلدۈرىدىغان.

مەريەمگۈل، كىچىك، ئوتتۇرا، چوڭ ۋە يەنە بىر دەرىجە چوڭ قەغەز كارتون كوفى ئىستاكانلىرى ئاز قاپتۇ، مەرھەمەت توشتۇرۇۋەتكەن بولساڭ دىدى باشلىق كوفىنىڭ ھەر بىر چوڭلۇقتىك، كارتون ئىستاكانلار ئەسپ قويۇلغان ئاسقىنى قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ. ئۇ يەنە پلاستىك ئېغىزلار، كوفى، چاي...........يەشكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى لىقلا، يەنە بىر چۆگۈن چاي ۋە بىر چۆگۈن كوفى دەملە، خېرىدار كۆپىيىدىغان ۋاقتتا ئاز قالدى. ئەخلەتلەرنى تۆكۈپ، ئەخلەت خالتىلىرىنى

ئالماشتۇر.ئۇ يەنە كىچىك خالتىلىق سۈت شەكەر قويۇلدىغان قاچىلارنىمۇ ئىشارەت قىلىپ بۇلارمۇ ھەرگىز يېرىمداپ قالماسلىقى كېرەك دىدى. باشلىق سۆزلىگەچ ھەممە بۇلۇڭ پۇشقاقلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ مەريەمگۈلگە بۇيرۇق چۈشۈرمەكتە ئىدى.مانا ماۋۇ قول سۈرۈش قەغەزلىرىمۇ ئاز قاپتۇ لىقلا دىدى ۋە قۈتىنى مەريەمگۈلنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى.ئۇ يەنە تىمخورتوندا خىيال سۈرۈشكە بولمايدۇ. پۈت، قول، كۆز ۋە چوڭ مىڭە جىددى ئىشلەپ تۇرۇشى كېرەك دىدى. تىمخورتونىنىڭ باشلىقلىرى ھەر ۋاقت باشلىق كۆلۈپ تۇرۇپ ئىشچىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى.

بۇ بۇيرۇقتىن مەريەمگۈل خىياللار ئالەمدىن ئويغاندى.ئۆزىنىڭ ۋەتەندە ئەمەس كانادادا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى. ۋە قانداقتۇر بىر جىددى ھالەتتە باشلىغىنىڭ دىگەنلىرىنى يېرىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايپاسلىغانچە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

ئەسلىدە، مەريەمگۈلنىڭ بەدىنى كانادادىكى تىمخورتوندا ئىشلەۋاتقان ئەمما، يۈرۈگى ۋە روھى ئۇزاقلاردا قالغان ئانا ۋەتىنى بىلەن بىللە سوقۇۋاتقان چاغلار، 40 نىڭ قارىسىنى ئالغان چاغلىرى ئىدى.

ئەسلىدە بىلەمسىز. بىر ئايال ئۈچۈن 40 ياش ئىنتايىن ھاسىيەتلىك ياش. ئايالار ئەسلىدە 40 ياشتىن كېيىن ياشايدۇ. 40 ياش قىزلىق، ئاياللىق ۋە ئانىلىقتىكى بارلىق ئارتۇقچىلىق ۋە لاتاپەتلەر مۇجەسسەملەشكەن دەۋر.قېيىنى ئانا،قېيىنى ئاتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ،كىچىسى بۆشۈك قۇچاغلاش، پەرزەنتلەرنى مەكتەپكە يولغا سېلىش ۋاھاكازا ..............دىگەندەك ئىشلار 40 ياشقا كەلگەندە ئازراق سېلىكىپ ئاياللار ئۆزىگە قاراشقا باشلايدىغان، ساياھەت رەھبەرلىرىنى قولغا ئېلىپ نەلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلسام بولار دەيدىغان. ئەينەككە قاراپ ئەمدى ئۆزى ئۈچۈن ئازراق ۋاقت سەرپ قىلىش ۋاختىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىگىنى ھىس قىلىدىغان ياش.

ئەسلىدە 40 ياش قۇتلۇق ياش. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن 40 كۈنى توشقاندا، 40 نەزىرسى بېرىلىپ، دۇئا تىلاۋەت قىلىنىدۇ.

ھز.مۇسا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇر تېغىدا 40 كېچە كۈندۈز ئالغان ئىدى. ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمنىڭ بەدىنىنى لايدىن ئاپىرىدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن 40 كۈن ساخلىغان. ئاندىن 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆككە چىقارغانمىش.

ھەزرىتى نوھنىڭ كېمىسىدە، 40 ئايال، 40 ئەركەك ۋە 40 ھايۋان بار ئىدى.كېمە توپان بالاسى يۇزبېرىپ 40 كۈندىن كېيىن جۇدى تېغىدا توختىغان ئىدى. ئاللاھ ھەزرىتى ھەۋۋا ئانىمىزغا 40 پەرزەنت بەرگەن ئىدى. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولغان. يوشۇرۇن دەۋەت قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 40 قا يەتكەندىن كېيىن ئاشكارە دەۋەتنى باشلىغان. ھەزرىتى يۇنۇس بېلىق قارنىدا 40 كۈن قالغان ئىدى.

ھەزرىتى داۋۇت 40 كېچە ۋە كۈندۈز تاماق يىمەي ئاللاغا يىغلىغان. ئۈزۈم سۈيى ئاغزى تاقىلىپ 40 كۈن ساخلانسا سىركىگە ئايلىنىدۇ.

ھەزرىتى ئېلياس 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولغان ئىدى. 5 ۋاق ناماز سۈننىتى بىلەن قوشۇلۇپ 40 رەكەتتۇر.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ قىيامەت بولۇشتىن ئەۋۋەل، 40 يېشىدا يەر يۈزىگە چۈشىدىغانلىقى ۋە 40 يىل ئىسلام دىنىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى مەلۇم.

دىمەككى 40 ياشلىق تىمخورتوندا ئىشلەۋاتقان بۇ ئۇيغۇر ئايال مەريەمگۈل، تىمخورتونىنىڭ ئاچچىق قەھۋەسىدەك، خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاچچىق كەچمىشلەر ۋە ئاچچىق چارىسىزلىكلەر ئىچىدە يەتىلىپ، تاۋلانماقتا ئىدى.

## 8ـ بۆلۈم كۈرەش ھەققىدە بايانات.

كۈرەش- ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ سۆز مەريەمگۈلنىڭ تۈيۈقسىز خىيالىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسقىسى كېلىدىغاندەك، خۇددى سېزىك ئايال بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك بىر سېزىم پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى.چۈنكى مەريەمگۈل،ئۇ كۈرەش بۇ كۈرەش، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش بۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش دىگەنگە ئوخشاش بەزىدە مەۋجۇت ۋە لېكىن بەزىدە مەۋھۇم بولغان بۇ ئۇقۇم ئىچىدە تۇغۇلدى ۋە ياشىدى. ئۇنىڭ ئانىسى تۇردىگۈل خانىم ئۇنى مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى كۈرىشى تازا ئەۋجىگە چىققان يىللاردا تۇغدى.شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىمۇ مەنىسىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان، شۇجىڭجۇيىچىلار بىلەن كۈرەش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش، ئامېركا جاھاڭىرلىرىغا قارشى كۈرەش، ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش، پانتۈركىزىم بىلەن كۈرەش .........ۋاھاكازا كۈرەشلەر دە شوئار يادلاش بىلەن ئۆتكۈزدى كۆپلىگەن يىللىرىنى مەريەمگۈل. مەريەمگۈلنىڭ 3 ياشقا كىرگەن مەزگىللىرى بولسا كېرەك، تۇيۇقسىز دادىسى قايسىدۇر بىر چوڭ شەھەردىكى گېزىتخانە مۇدىرلىغى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، مەريەمگۈل چوڭ بولغان بۇ شەھەرگە سۈرگۈن قىلىندى. ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئائىلە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئومۇرتقىسىغا جايلاشقان موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ قارا سۇ يېزىسىغا تارقاقلاشتۇرۇۋېتىلدى.ئاتا ئانىسى ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ يۇرت ماكانلىرىدىن قانداقتۇر بىر روھى بېسىم ۋە مەجبۇرىيەت ئىچىدە ئايرىلىشىنىڭ سىقىنتىلىرىنى تارتىش ئىچىدە، يۈك تاقلىرىنى يوغان قارا ماشىنىغا بېسىۋاتقان، مەھەللە كويلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك پارتىزان بولۇشقا مەجبۇرلۇنۇپ يۈزلىرىدە قىلچە كۈلكىدىن ئەسىر يوق كۈنلەردە، 3 ياشلىق مەريەمگۈل، قىزىل قەغەزدە ياسالغان بايراقچىسىنى لەپىلدىتىپ، بىردە ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلايلى دەپ شوئار توۋلىسا، بىردە تاغلارغا چىقايلى ئەي ئەزىمەتلەر پارتىزان بولايلى مۇشۇ كۈنلەردە دەپ ئەمدىلا چىققان چۈرۈك تىللىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ قورۇنى بېشىغا كىيەتتى.بۇنداق چاغلاردا مەھەللىدىكى كىشلەر بىر بىرلىرىگە قارىشىپ مەنىلىك كۈلۈشۈپ قويىاتتى بەزىلىرى بولسا مەريەمگۈلنى قۇچاقلىرىغا ئېلىپ نەگە ماڭدىڭىز تاتلىق قىز دەپ ئەكىلەتتى. مەريەمگۈل بولسا تاققا ماڭدۇق پارتىزان بولىدىغانغا ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغانغا دەيتتى كەمتۈك تىللىرى بىلەن، بەزىدە ئۇ باللىق تىللىرى بىلەن ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلايلى دەپ پۈتۈن كۈن شوئار توۋلاپ قورۇنى بەشىغا كىيەتتى بۇنداق چاغلاردا، مەھەللىدىكىلەر بىر بىرلىرىگە مەنىلىك قارىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى. چۈنكى، مەريەمگۈلنىڭ دادىسى سەمەر ئوڭچى يەرلىك مىللەتچى دىگەن قالپاقبىلەن خىزمىتىدىن قوغلاندى قىلىنغان ۋە ئەمدىلىكتە بۇ يەردىن 300 كم چە يىراقلىقتىكى قارىسۇ يايلاقلىرىغا سۈرگۈن قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. ئەمما ئەمدىلا 3 ياشقا كىرگەن بۇ سەبى قىز نە ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن خەبەردار، نە ھاياتتىن خەبەردار پەقەت ۋە پەقەتلا باشقىلارنى دوراش بىلەن باللىق ھاياتىنى نامايەن قىلماقتا.مەريەمگۈل قارىسۇ يايلاقلىرىدا ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن ھىچ مۇستەسنا خۇددى ئەركىن قۇشتەك چوڭ بولۇشقا باشلىدى. مەريەمگۈل مەكتەپكىمۇ كىردى.بەزىدە ئۇ ئۇزۇن قىشنىڭ ئاپپاق قارلىق سەھەرلىرىدە مەكتەپكە كېتىۋاتقاچ باللىق كاللىسى بىلەن شۇنداق ئويلايتتى. ئەجەبا، ياپون باسقۇنچىلىرى دىگەن كىمدۇ بىر كۆرۈپ باقسام، ئامېركا جاھاڭىرلىگى دىگەنچۇ، پانتۈركىزىم دىگەن نىمدۇ ..............نىمىگە بۇنچىلا قاتتىق كۈرەش قىلىدىغاندىمىز بۇ كۆرۈنمەيدىغان ئادەملەر بىلەن دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆزىچە.يېشى چوڭىيىغانسىرى ئۇنىڭ يەلكىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ سانىمۇ ئېشىپ بېرىشقا باشلىدى. راك بىلەن كۈرەش، نامراتلىق بىلەن كۈرەش، ئەيدىز بىلەن كۈرەش،ئاق تاماكا بىلەن كۈرەش ۋاھاكازا..............مەريەمگۈل يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دۇنيادىكى ھەممە كۈرەشلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قېلىۋاتامدىغاندۇ دىگەن تۇيغۇغا كېلىشكە باشلىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ كۈرەشلىرى تىزىملىكىگە يەڭى ئاتالغۇلار قوشۇلۇشقا باشلىدى.بۇلار سياسى ئىدىيىۋى كۈرەش، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش،تېرورىستلارغا قارشى كۈرەش،دىنى ئەسەبىلىككە قارشى كۈرەش ۋاھاكازالار ئىدى.بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى بىلەن بىرگە، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئەڭ ياخشى ۋىجدانلىق خىزمەتداشلىرىدىن، دوستلىرىدىن، مەھەللىدىكى ئەڭ ياخشى خوشنىلىرىدىن ئۇزۇق تۇققان دوست بۇرادەرلىرىنىڭ باللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھىچبىر سەۋەپسىزلا 10 يىللىق 15 يىللىق مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىغىنى ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىغىنى كۆرگەن مەريەمگۈل، قانۇن

ئارقىلىق ئۆلارنى قوغدىماقچى بولۇپ ھەتتا ئادۋۇكاتمۇ بولدى، ئەمما ئۇ بىر يەرلەرگە كېلىپ توسۇلۇپ قالدى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ۋە ياكى كۆرگىلى بولمايدىغان توساقلار مەريەمگۈلنىڭ پۈت قولىنى چۈشەپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇ بىر نەرسلەرنى بىلىشكە باشلىدى.

مەريەمگۈل، تارىختا شەرقى تۈركىستان دەپ تونۇلغان، ئەمما ھازىر خىرە شىرە يالقۇنجاپ ئۆچۈش ھالىتىدە قالغان ئاخىرقى گۈلخان ئۈچقۇنلىرىدەك يىلىنجاۋاتقان بۇ ۋەتەندىكى،خەلقلىرى بىردە كۈلۈپ قورۇق مومايدەك قورۇلۇپ قالىدىغان،بىردە ھۆررا دەپ شۇئار توۋلاپ جاھانغا پاتماي قالىدىغان سىرلىق بىر شەھەردە تۇغۇلدى.

مەريەمگۈل بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ ئۆزگۈرۈپ كەتتى.ئۇ ئۆزىنى ئافرىقىدىكى قاراڭغۇ بىر ئورمانلىققا كىرىپ قالغان ئادەمدەك ھىس قىلىشقا باشلىماقتا ئىدى.ئۇ بۇ ئورماندىن چىقىپ كېتىشى، يەڭى يورۇق، ئادەمنىڭ قىممەت ئېتىبارى بار بىر دۇنيانى تېپىشى باللىرى ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىغا ھەر خىل كۈرەشلەردىن خالى، ھىچ بولمىغاندا كۈرەشلەر بىر قەدەر ئاز بولغان تىنىچ خاتىرجەم قەدىر قىممەتلىك بىر ھايات بەخش ئېتىشى كېرەك ئىدى. ئۈيلۈنۈش ۋە تەپەككۈر قىلىش ،يەنە ئۈيلۈنۈش ۋە يەنە تەپەككۈر قىلىش ئۇنى يېڭى بىر كۈرەش يولىغا باشلاپ كىردى.تۈيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسى ۋاڭڭىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدىدە، ئۇ قايمۇقۇپ يۈرۈۋاتقان پۈتكۈل كۈرەشلەر پەقەت ۋە پەقەت بىرلا كۈرەشكە مەركەزلىشىپ، خۇددى كومپيۇتىردا ساخلاپ قويۇلغان بىر دوكۇمىت كۆپەيتىلىپ بېسىپ چىقىرىلغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. بۇ بولسىمۇ خىتتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش يولى ئىدى.بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تۈپتىن بۇرۇلۇش نوختىسى ئىدى. بۇ كۈرەش بارلىق كۈرەشلەرنىڭ يىغىندىسى ۋە شۇنداقلا بارلىق ئۈيلۈنۈشلارنىڭ جەۋھىرى بولغانلىغى ئۈچۈن شۇنداق بىر مۇقەددەس كۈرەش ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەريەمگۈل شۇنداق قەيسەرلىشىپ كەتتى. ئۇ يۈرۈگىنىڭ يوغۇناپ قورقۇمسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرماقتا ئىدى.

مەريەمگۈل كۈرەش يولى ئايدىڭلاشقان ئەشۇ يامغۇرلۇق سەھەرنى ھىچ يادىدىن چىقارمايتى. ئۇ ئەشۇ ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى بىر سەھەردە، بىر كىچىك كورىغا ئۈرۈكتەك سېرىق قايماقلىق ئەتكەن چاينى ئەتتى ئۇنىڭ يېنىغا يەنە بىر تال قىزىلمۇچ بىلەن بىر تال شوخلىنى توغراپ تۇز تەمنى تەڭشەپ خامكۆكتات ھازىرلىدى ۋە قورۇسىنىڭ پەشايۋىنىدا ئولتۇرۇپ كۆز يامغۇرىنىڭ زىمىننى قۇچاغلىشىنى تاماشا قىلغاچ، يۈرۈگىنى تىڭشىماقتا ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش قارارىنىڭ ھەر بىر بۆلۈك پۈشقاقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يالغۇز ئاتلىنىدىغان بۇ كۈرىشى ئادەتتىكى بىر كۈرەش ئەمەس بەلكى ئەجدەرھا بىلەن بولغان كۈرەش ئىدى. ئۇ نىپىز يەقىلغان پىيازلىق تونۇر نېنىنى ئىككى قاتلاپ ئۈشتۈپ ئەتكەن چېيىغا سالدى. بىر كۈن بۇرۇن كۆز شامىلىدا ئۈچۈپ يۈرگەن غازاڭلار بۈگۈنكى كۆز يامغۇرىدا، زىمىن بىلەن يامغۇر ئارىسىدا شۈمشەيگەن ئىدى. ھايات مانا مۇشۇنداق،تونۇگۈن كۆز غازاڭلىرىنىڭ كۈنى تۇققان بولسا بۈگۈن تاڭدىن تونگىچە كۆز يامغۇرى ھۆكۈمدار. مەريەمگۈلنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى ئۆز قورۇسىنىڭ پىشايۋىنىدا ئولتۇرۇپ سەھەردە ياققان كۆز يامغۇرىنى تاماشا قىلىپ ئىچكەن بۇ ئەتكەن چېيى ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ۋە ھاياتىدا تونۇر نېنى بىلەن ئىچكەن ئەڭ ئاخىرقى ئەتكەن چېيى بولۇپ قالدى.مەريەمگۈل خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن كۈرەش قىلىش يولىنى تاللاپ، ئەتىسى سەھەردە يولغا چىققاندىن كېيىن ئانا ۋەتىنىگە ھىچ قايتىپ كەلمىدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى ئۇنىڭ مېيىتى كانادادىكى بىر مۇسۇلمانلار قەۋرىستانلىغىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ قەۋرە تېشىغا كانادا تىمخورتوندا ئىشلىگەن تۇنجى ئۇيغۇر ئايال. شەرقى تۈركىستاننىڭ، ئادەملىرى بىردە چاخچاخلىشىپ كۈلۈشۈپ مومايدەك قورۇلۇپ قالىدىغان، بىردە ھۆررا توۋلاپ جاھانغا پاتماي قالىدىغان خاسيەتلىك بىر شەھرىدىكى بۇلبۇللىرى چوڭقۇر خەندان ئۇرۇپ سايرايدىغان، يۇقۇرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرى 3 خىل ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان بىر دەريا ساھىلىدە تۇغۇلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى نەزىرىدىكى دۈشمەن، ئۇيغۇر خەلقى نەزىرىدىكى ئەركىنلىك جەڭچىسى دەپ يېزىلغان ئىدى.

مەريەمگۈل، ۋەتەندە قۇرۇلغان ئەل ئامان تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. چۈنكى ئۇ كۈرەش ۋەتەننىئىڭ ئىچىدە دەپ ئۈيلىغان ئىدى ئەينى چاغدا، ئەل ئامان تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىمۇ شۇنداق ئويلاشقان ئىدى. ئەل ئامان تەشكىلاتى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرپىدىن ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، قىيىن قىستاقتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان ئۆلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى چەتئەﷲردە ئوقۇتشقا ماددى ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىدىغان تەشكىلات ئىدى.

مەريەمگۈل تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ شەھەردە، هايات ئۇچۇن خىيالچان هالەتتە كوچىلاردا ئىلدام كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلار،ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي مۇستەبىتلىرىنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەسلەتلەشكەنلىگى ئۇچۇن ئېتىلىپ كەتتى.مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك كېسىلدى. بۇ شەھەرنىڭ باھار،ياز، كۈز ۋە قىشى ئوخشاش ئادەملەر غەمكىن ۋە قايغۇلۇق.ئەمما هايات توختاپ قالمىدى.

قار تازىمۇ قېلىن ياققان شۇرغانلىق قىش كۈنلىرىنىڭ بىر سەھىرىدە ،ئېرىنى خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياش چوكان .سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن دەرۋازا قۇلۇپىنى چوغدانلار بىلەن تەستە ئىستىپ ئاچتىدە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يوشۇرۇنچە تاشلاپ قويۇلغان ئۇن گۇرۇچ ۋە مايلارنى كۆردى. يۇڭ پوكۇاي ياغلىغىغا قانچە مەهكەم ئورۇنۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا تىترەپ تۇرغان چوكان، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىتتىك قاراپ قويىدىدە نەرسىلەرنى ئارقا ئارقىدىن دەرۋازا ئىچىگە ئاندىن ئۆيىگە سۆرەپ ئەكىرىۋالدى. كىچىككىنە كەلگەن هەم ئاشخانا هەم ياتاق ئۆي ئورنىدىكى بۇ تۇرالغۇ ئۈستىدىكى كاڭدا بىر چوڭ كىشىنىمگ يوتقىنى ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۆشۈك، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى باللار يوتقىنى يېقىن سېلىغلىق تۇراتتى.نەرسىلەرنىڭ بەك توڭلاپ كەتمىگىنىگە قارىغاندا قويۇپ قويۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى.چوكان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى مۇزلاپ قىزىرىپ كەتكەن قوللىرى بىلەنسلكىپ- سلكىپ قاققاچ ئەل يۇرت ئامان بولسۇن دەپ شۇىرلىدى.شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى ،خالتىلارنىڭ ئاغزىدا بىر باغاقچە تۇراتتى باغاقچە يۇل بولۇپ كەتمەسلىك ئۇچۇن،بىرنەچچە يالتىراق خالتىنى بىر قىلىپ،مەهكەم ئورالغان ئىدى.بۇ قېتىم چوكاننىڭ قوللىرى بۇ قاتتىق باغلانغان يالتىراقلارنى ئېچىش ئۇچۇن قولاشماي قالدى.ئۇ قايچا ئىزلىمەكچى بولدى ئاندىن ئېسىگە كەلدىكى قايچا ئىشلەتمىگىنىگە بەك ئۇزۇن بولغانلىغى ئۇچۇن، ئاللىقاچان ئاجراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مەشنى ئېچىپ قارىدى مەشتە بۇ پىلاستىك خالتىنىڭ ئاغزىنى بىر ئاز ئېرىتقۇدەك ئوت كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يۇگرەپ بېرىپ ياستۇغىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويغان پىچاقنى ئالدىدە مەهكەم باغلانغان پىلاستىك خالتىنى پىچاق بىلەن تىرنىلاپ ئاچتى.باغاقچىغا دانە- دانە قىلىپ كونا يېزىقتا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە تامنىڭ يېنىغا قاراڭ، كېسەككە باغلاقلىق بىر كەنۋىرت بار كۆمۈر ئالارسىز، ئەل ئامان تەشكىلاتى دەپ يېزىلغان ئىدى.سىرتتىتا يەنە شۇىرغان هۇۋلىماقتا ئىدى.بۇ قېتىم چوكان پوكۇاي ياغلىغى بىلەن يۈز كۆزلىرىنى مەهكەم ئوراپ،باللار يوتقىنى ئۈستىگە يېيىپ قويغان پاختىلىق ئەرەنچە پەلتۇنى كىيىپ هويلىغا چىقتى. ئۇ شۇىرغان ئۇچۇرۇپ قار دۆۋىلىرى پەيدا قىلىپ قويغان پەلەمپەيلەردىن ئاۋايلاپ چۈشۈپ،قورۇ تېمىنىڭ يېنىغا كەلدى.ئۇ چوخچىيىپ تۇرغان بىر نەرسىنى مۇشۇ چېغى دەپ قارىغا قولىنى تىقىۋىدى قاتتىق قېتىپ قالغان مۇز بولۇپ چىقتى.چوكاننىڭ قولى قاتتىق مۇزلاپ كەتتى. ئۇ قولىنى دەرهال پاختىلىق پەلتۇسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئىسسىتتى.بۇ قېتىم ئۇ يۇڭ پايپاق ئۈستىگە كالاچ كىيىۋالغان پۇتلىرى بىلەن قارلارنى ،ئىلەشتۇردى ئۇنىڭ قولىغا يەنە قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى بۇ قېتىم ئۇ كېسەكنى تاپقان ئىدى ئۇ پۇتى بىلەن قارلارنى ئىتتىرىپ ئىرغىتىپ پىششىق كېسەككە رېزىنكە بىلەن مەهكەم باغلانغان يەنە بىر پىلاستىك خالتىنى كۆردى. شۇىرغانلىق قار ئۇچقۇنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرماقتا،ئېتەكلىرىنى ئۇچۇرماقتا بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇ ئاپپاق قار ئادىمىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.چوكان مۇزلاپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئاخىرقى بىر غەيرەتنى كۆرسىتىپ كېسەكنى يەردىن ئۇزۇپ ئالدىدە ئۆيىگە يۈگۈردى. يەنە بىرنەچچە يالتىراق خالتىغا ئورالغان بىر كەنۋىرت چىقتى. چوكان ئۇنى ئاۋايلاپ ئېچىپ تەقەززالىق بىلەن ساناشقا باشلىدى بىر ئىككى ئۈچ......رەقەملەر كۆپەيگەنسىرى چوكاننىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئالامەتلىرىمۇ شۇنچىغا قارىتا ئۆزگەرمەكتە ئىدى.كەنۋىرتتە 500 يۇئەن پۇل بار ئىدى.چوكان قاتتىق بىر ئۇلۇق كىچىك تىنىدىدە يەنە شۇىرلاپ، ئەل يۇرت ئامان بولسۇن دىدى.

يۇقۇردىكى پارتىزانلىئىق ياردىمنى ئېلىپ بارغانلار، ئەل ئامان تەشكىلاتىدىن ،مەريەمگۈل باشلىق 3 ئايال ئىئىدى.

دەرهەقىقەت بۇ شەهەر خەلقى كۆپ نەرسىلەرگە چارىسىز بولسىمۇ ئەمما شېهىت ئائىلىلىرىنى قوغداشقا قادىر ئىدى.

بۇ شەهەردە نۇرغۇن ياشلار ئۆلۈپ كەتتى. بۇلار خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپمۇ،خائىنلارنىڭ ساتقىنلىغى سەۋەبىدىنمۇ،تۈرمىلەردىكى ئۇرۇش قىيىن قىستاق بىلەنمۇ،ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنىش بىلەنمۇ ئۆلۈپ كەتتى.ئەمما شەهەر خەلقى زادى قانچىلىك ياشنىڭ هەر يىلى ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىغىنى بىلمەيتتى.ئۇلار خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۇچۇن هەركەت قىلغان مۇستەققىللىق جەڭچىلىرى ئىدى.

نورمىلىق ئايلىق مۇئاش ئالىدىغانلارنىڭ چېھرىدىكى ئاندا- ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان يېرىم تەبەسسۇم ئالامەتلىرىنى هېساپقا ئالمىغاندا،بۇ چاخچاقچىلار شەھرىنىڭ كوچىرى بالاغېمى،ئۆي غېمى ۋە بىر ۋاق تاماق غېمى بىلەن ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ئۈستى

باشلىرىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەملەر توپى بىلەن تولغان ئىدى.قاتتىق سىگنال بىلەن ئادەملەر بىلەن يول تالىشىپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار،ئارلىقلارغا قىستۇرۇلۇۋالغان ۋەلسىپىت ۋە موتوسىكىلىتلار ئەنسىز شەھەرگە يەنىمۇ ئەنسىزلىك قوشماقتا ئىدى..ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم............ئۇلار قانچە غەمكىن بولسىمۇ تونۇش بىلىش يارۇ بۇرادەرلىرىگە سالام بىرىشنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.بۇ سالامغا چوڭقۇر مەنالار يوشۇرۇنغان.ئۇلار ئامان بول......ئامان بولايلى دىمەكچى.

شەھەر چارىسىز ئەمما ياشاشتا چارىلەر ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق.خەلق قۇدرەتلىك. ختاي تانكىلىرى، قوراللىق ئەسكەرلىئرى، ساقچى ماشىنىلىرى، شەھەر كوچىلىرىدىكى ھەر بىر بۇلۇڭ پۇشقاقنى قاتتىق تەكشۇرمەكتە ئىدى. ئەڭ يامان بولغىنى ۋە قورقۇشقا ئەرزىيدىغىنى ھەر قايىسى مەھەللىلەردىن سىتىۋالغان مۇئاشلىق تىڭتىڭچىلار ئىدى. ئەل- ئامان تەشكىلاتىنىڭ پاش بولۇپ قېلىئىشى كۆز بىلەن كىرپىكنىڭ ئارلىغىدىكى ئىشى ئىدى. ئەل ئامان تەشكىلاتى ئەزالىرى جىددى يىغىلدى. بۇ يىغىلىش تارىخى خارەكتىرلىق يىغىلىش بولۇپ، كۆپ مۇزاكىرىلەردىن كىيىن، پاش بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىغىنىڭ قاش بىلەن كىئىرپىكنىڭ ئارلىغىدا قالغانلىغىنى، ئەگەر پاش بولۇپ قالغان تەغدىردە، ختاي تۇرمىلىرىدىكى قىيىن قىستاقتا ئاياللار تۇگۇل ئەرلەرنىڭمۇ بەرداشلىق بىرەلمەيدىغانلىغىنى، نەتىجىدە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بىر ئەۋلات ئويغاق ۋە ئىلغار زىيالىلىرى ئۈچۈن چوڭ يوقۇتۇش ۋە بوشلۇق بولىدىغانلىغىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەل ئامان تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەزالىرىنىڭ ئىمكانىيەت يار بەرگەن يوچۇقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ چەتئەللەرگە چىقىپ كىتىش ۋە چەتئەللەردە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بېشىئىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى دۇنيا خەلقىگە ئاڭلىتىش قارارى ئالدى. بۇ قارار ئەينى چاغدا توغرا قارار دەپ قارالغان. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ كۈلپەتلەر دۇنياغا بىلدۇرۇلمىگەندە، ختايلار ئۇيغۇرلارنى بىر كېچىدە يوق قىلىۋەتسىمۇ دۇنيا بىلمەي قالىئىدىغانلىغى نەزەرگە ئېلىنغان ئىدى. مەريەمگۇل، دۇنيادىكى بارلىق كۈرەشلەرنى يۇغۇرۇپ پەقەت ۋە پەقەت بىرلا كۈرەشكە يەنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھۆر ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە يىغىنچاقلىغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، چەتئەللەرگە چىقىپ، خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، شۇنداقلا ختاينى تۇر دەيدىغان بىر كۈچنى تېپىش كىرەكلىئىگىنى ،ئۇنداق بولمىغاندا ختاينىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا پۈتۈن خەلقنى قىرىپ تۈگۈتۈۋەتسىمۇ دۇنيانىڭ خەۋەرسىز قالىدىغانلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇ چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ھەقىقى كۈرەشنىڭ يەنىلا ۋەتەن ئىچىدە ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىپ يەتتى.

ھايات رەھىمسىز. دۇنيادىكى بارلىق كۈرەشلەرنى پەقەت ۋە پەقەت بىرلا كۈرەش يولىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، بۇ يولدا ئاداققىچە مېڭىش ئۈچۈن قەسەم ئىئىچكەن مەريەمگۇل ھازىر كانادادا خۇددى ئەتىياز كەلگەندە كۈننىڭ ئىسسىشى بىلەن ئاستا- ئاستا يەرىلىپ، ئۇ قىرغاقتا بۇ قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ ئاندىن بىر بىرىگە قىستىلىشىپ ئېقىپ ئېرىپ سۇغا سىڭىپ كىتىدىغان ئانتىراكتىكانىڭ مۇزلىرىدەك، ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ كېلىپ كانادادىكى 1- نومۇرلۇق تېز مۇلازىمەت ماركىسى ھېساپلانغان تىئىمخورتوننىڭ درايۋترۇ يەنى ماشىنا بىلەن كىرىپ كوفى ئالىدىغان مۇلازىمەت سەرۋىسىنىڭ، كىچىككىنە تار، پەنجىرىلىرى تالاغا قاراپ تۇرىدىغھان بۇ خانىسىغا قىستىلىپ قالدى. دىمەككى ھايات، مەريەمگۇلگە ئاۋال ھاياتلىق بىلەن كۈرەش قىلىسەن ئاندىن باشقا كۈرەشللەرنى تالليىالايسەن دىگەن دەرسنى بەرمەكتە ئىدى.